
2010.3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال

شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال




# بۇلاق

ISSN 1005-0876

06>

9 771005 087006

源泉 (布拉克) ◎ BULAK



باهار

ئەمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 132 - سان

یاره پیشسن قدرت من آنکه شه عسلی بوازار و الهوا

عجب پیشسن میده کور اده پچ جابدن حقیقی غم

بوقیور دیکی قی آن کول جاسدا بولب پیچک زاده

دیکی چوش اول دیکم تاکاره دن اولب هوه ت الملك عوزاده

بر سنجان قالان

شوای غزلیه‌ن

جابر اولور آتیشه یاجی شد عیاب بکمه دن کرسراوه

جانو میدی کیم کورنبیله دور اول جام کوچیدان ملتاق اولیدر

بوزجر جهان هدره بر است اول سدی کچون ملك جان قیدا

وه بر یار اهو شیک اول جلی شوالغانی آده ب نوغیچه

جامی میدی یاتو بیت الت بنی دشوانده ون قمیل بیشه

کند ذبت پاییان

# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەئلۇماتۇل ـ ئافاق ........................ ئەمىنىددىنخان ھۈسەينىي ھىرەۋى (5)
مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجەلخان ھەببۇللا ھاجى
مىرئاتى شەرئ ........................ غىياسىددىن (31)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى
شېئىرلار ........................ ھاجى ئىمىن يېڭىھىسارىي (45)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: بۇۋىمەرىيەم شېرىپ خۇشتار،
دىلبەر شاھمەردان

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

تۇيۇق ۋە «ئەسھابۇل كەھف» ........................ راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (56)
مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتى ھەققىدە قىسقىچە ئىزدىنىش ........................ ئەيساجان مەمەت (64)

### مەشھۇر شەخسلەر

20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى ........................ يالقۇن روزى (69)

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پارچە ........... نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەدىرىن نۇرئەخمەت (96)

## فىلكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقى توغرىسىدا ..................... مامۇت قۇربان (100)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئالتۇن قەپەستىكى تۇتى ..................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (108)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: گۈل (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتات: مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەمىنىددىنخان ھۇسەينى ھىردۋى

# مەئلۇماتۇل- ئافاق

موللا مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

(3)

## رۇبئى مەسكۇندىكى دەريالار ۋە ئۆلارنىڭ
## ئاجايىباتلىرىنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى، تاغلاردا ئۆڭكۈر ۋە غارلار ناھايىتى تولا بولۇپ، ئۇ يەرلەردە يىغىلغان قار ـ يامغۇرلار تارچۇق يوللاردىن قىسىلىپ تېز سۈرئەت بىلەن ئېقىپ چۇشۇپ ئېرىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ئېرىقلار بىرلىشىپ ئاخىردا چوڭ دەريالارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ھەرقايسى ئىقلىملاردا چوڭ دەريالار بار بولۇپ، سانىنى ئېلىپ بولۇش تەس. ئۇلارنىڭ بەزىسى مەشرىقتىن مەغرىبكە، بەزىسى شىمالدىن جەنۇبقا، بەزىسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ھەممىسى تاغلاردىن باشلىنىپ ئاخىرى دېڭىزلارغا قۇيۇلىدۇ.

**ئەندالىس دەرياسى** بۇ دەريانىڭ سۈيىدە كېمە يۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا بىر تاش بار بولۇپ، ئادىمىزاتنى ئۆزىگە تارتىپ سۇغا غەرق قىلىدۇ. دەريانىڭ بىر تەرىپىدە ئېگىز يەر بار بولۇپ، ئۈستىگە ئادەمنىڭ مىس ھەيكىلى تۇرغۇزۇلۇپ پېشانىسىگە: «ئەي كىشى، مەندىن ھالقىپ ئۆتمىگىن، ئۆتسەڭ قايتىپ كېلەلمەيسەن، (تاش تارتىپ كېتىدۇ)» دەپ يېزىقلىق ئىكەن.

**ناھىيە دەرياسى** بۇ دەريا ئەندالىس ۋىلايىتىدە بولۇپ، چوڭلۇقى دەجلە دەرياسىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئۇ تونۇلغان مەشھۇر دەريادۇر.

**ئەستىل دەرياسى** ئەندالىس خەلقى ئۇنى «نەھرى ئەزىم» (چوڭ دەريا) دېيىشىدۇ. تۇغۇر تاغلىرىدىن

---

• بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

باشلىنىپ ئاخىرى مەغرىب دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ.

**نىل دەرياسى** ئۇ رۇبئى مەسكۇندىكى دەريالارنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. خەتتى ئۇستۇۋانىڭ كەينىدىكى «جىبالۇل - قەمەر» (ئاي تاغ) دېيىلىدىغان تاغدىن باشلىنىپ، ئاخىرى مۇھىت دېڭىزىغا ئۇلىنىدۇ. رۇبئى مەسكۇندا ئۇنىڭدىن چوڭراق يەنە بىر دەريا يوق. بۇ دەريا بىر ئاي ئىسلام شەھەرلىرىدە، ئىككى ئاي نۇبە شەھەرلىرىدە، تۆت ئاي چۆللەردە، توققۇز ئاي خارابىلىكلەردە ئاقىدۇ. يازدا ھېچبىر دەريانىڭ سۇيى ئۇنىڭ سۇيىدەك ئۇلۇغ ئاقمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئېقىپ ئۆتكەن شەھەرلەردە ياز بولۇپ، خەتتى ئۇستۇۋانىڭ كەينىدە قىش بولىدۇ.

«ئەسبابۇل - ئەجايىب» (ئاجايىباتلارنىڭ سەۋەبلىرى) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، نىل دەرياسى سۇيىنىڭ ئاقماي كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى خازان پەسلىدە يۇلتۇزلار نۇرىنىڭ رۇم دېڭىزىغا چۈشۈشى بىلەن دېڭىز سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ، نىل دەرياسىنىڭ سۇيىنى ئاققىلى قويمىغانلىقى ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن، نىل دەرياسىنىڭ سۇيى ئاقماي كەينىگە يېنىپ يەر(تارتىپ) يۇزىگە يامرايدىكەن. تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىلەن جەنۇب تەرەپتىن شامال چىقىپ رۇم دېڭىزىنىڭ سۇيى ئەسلىگە قايتىپ ئاقسا ئاندىن نىل دەرياسىنىڭ سۇيى ئاقىدىكەن. مىسىر خەلقى دەريا سۇيىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىنى سىناق قىلىپ بەلگە سېلىپ قويغان يەرلىرىگە قاراپ بىلىدىكەن. ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام سالغان بەلگىلەر ھازىرمۇ بار بولۇپ، شۇنىڭغا قارايدىكەن.

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — خەلىپىلىك قىلغان زامانلىرىدا ئەمرۇ ئىبنى ئاسنى — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — مىسىر مەملىكىتىنىڭ ۋالىيسى قىلغان. مىسىر خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەي ئەمىر، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ شۇنداق قائىدىمىز باركى، نىل دەرياسىنىڭ سۇيى توختاپ قالسا، بىر قىز بالىنى ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلىپ ئېلىپ چىقىمىز، ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ نىل دەرياسىغا تاشلايمىز، ھەر يىلدا بىر قېتىم شۇنداق قىلساق، دەريا سۇيى ئاقىدۇ، بولمىسا ئاقمايدۇ» دېگەن. ھەزرىتى ئەمرۇ ئىبنى ئاس — ئالللائۇنىڭدىن رازى بولغاي — : «كۇففارلار زامانىسىدا ئىجرا بولغان ئىش ئىسلام زامانىسىدا ئىجرا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە ئۇنى مەكتۇپ قىلىپ ھەزرىتى ئۆمەرگە — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئەۋەتكەن. ھەزرىتى ئۆمەر — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەمرۇ ئىبنى ئاسقا: « ‹كۇففار زامانىسىدا ئىجرا بولغان ئىش ئىسلام زامانىسىدا ئىجرا بولمايدۇ› دەپ ياخشى جاۋاب بېرىپسىز» دەپ جاۋاب يوللىغان. جاۋاب خەتنىڭ ئىچىدە بىر پارچە قەغەز بولۇپ، ئۇستىگە: «بۇ قەغەزنى نىل دەرياسىغا تاشلاڭ» دەپ يېزىلغانىكەن. ئېچىپ قارىسا ئىچىدە: «خۇدايى تائالانىڭ بەندىسى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — مىسىر دېڭىزىغا سۆز شۇكى، ئېقىشىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن بولسا، ئاقمىن ئەگەر خۇدايىتائالانىڭ ھۆكمى بىلەن ئاقىدىغان بولساڭ، خۇدايىتائالا سېنى ئاقتۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇن بار ئىكەن. ئەمرۇ ئىبنى ئاس — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — بۇ قەغەزنى نىل دەرياسىغا تاشلىغانىكەن، خۇدايىتائالا تاڭ ۋاقتىدا نىل دەرياسىنى ئاقتۇرۇپتۇ. سۇيى ئەسلىدىكىدىن 16 گەز زىيادە راۋان بوپتۇ. بۇ ھەزرىتى ئۆمەر — ئالللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — نىڭ كارامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇ دەريا ھازىرغىچە ئېقىپ تۇرۇۋاتقانلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مىسىر خەلقى مەزكۇر دىشۋارچىلىقتىن خالاس بولغانىكەن.

يەنە بۇ دەريادا بىر خىل لەھەڭ بولۇپ، ئىككى قولى، ئىككى پۇتى باردۇر. تېرىسى شىرنىڭ

تېرىسىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، كېمىنى ياخشى كۆرىدۇ. كېمىدىن يىراق كەتمەيدۇ.

سەقەنقۇر بېلىقى شۇ دەريادىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىمكى ئۇنى تۇتسا قولى تىترەيدۇ، يەرگە قويسا ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇ ئاجايىپ ۋەقە بولۇپ، ھەقىقەتتىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**تاب دەرياسى** ئۇ مىسىرغا يېقىندۇر. ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مەرمەر تېشىدىن ئاجايىپ كۆۋرۈكلەر سېلىنغاندۇر. ھەربىر تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز، كەڭلىكى بەش گەز كېلىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 قەدەمدۇر.

**قەۋس دەرياسى** خەلىل تېغى (جەبەلى خەلىل) دىن باشلىنىپ، مەشرىقتىن مەغرىبكە قاراپ ئاقىدۇ، پەلەستىن زېمىنىدا. ئىككى قوشۇن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تورۇپ ئۇرۇش قىلسا، دەريانىڭ مەشرىق تەرىپىدە تۇرغىنى مەغلۇپ بولۇپ، مەغرىب تەرىپىدە تۇرغىنى غالىب بولىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئاخىرى رۇم دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئىيۇردانىيە دەرياسى** سىلەج تېغى (جەبەلى سىلەج) دىن باشلىنىدۇ.

**ئىفرىن دەرياسى** رۇمدىن كېلىدۇ.

**سەيھان دەرياسى** رۇم چېگراسىدىن باشلىنىپ، (ئاخىرى دېڭىزغا تۆتىشىدۇ).

**سۇبھان دەرياسى** ئۇمۇ رۇم چېگراسىدا بولۇپ، مەسىسە ۋە ئەرزىنە دېگەن يەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ۋە تۇس شەھىرىدىن ئۆتۈپ ئىيوردان دەرياسىغا تۆتىشىدۇ.

**دەجلە دەرياسى** ناھايىتى چوڭ دەريا بولۇپ، «ئەرزەنۇر ـ رۇم» دېگەن يەرنىڭ تاغلىرىدىن كېلىدۇ، شىمال تەرەپتىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. ئاراللار ۋە شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، پارس دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ ھەممىسى چوڭ شەھەرلەر، ئېكىنزارلىقلار ۋە ئىمارەتلەردىن ئىبارەت.

**پۇرات دەرياسى** چوڭ دەريا بولۇپ، رۇم تاغلىرىدىن كېلىدۇ. ئارال ۋە شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، ئىككى تارماق ئېقىنغا بۆلۈنىدۇ. بىر تارماق ئېقىنى باغدادقا، يەنە بىر تارماق ئېقىنى كوفەگە بارىدۇ، ئاشقان قىسمى ئەدەن دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

**ماس دەرياسى** بۇ دەريا «نەسىبىن» دېگەن يەرنىڭ تاغلىرىدىن كېلىدۇ. ئىككى تارماق ئېقىنغا بۆلۈنۈپ، بىر تارماق ئېقىنى دەجلە دەرياسىغا، يەنە بىر تارماق ئېقىنى خاپۇر دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**خاپۇر دەرياسى** بۇ دەريا «رەئسۇل ـ ئەين» بۇلاقبېشى دېگەن يەرنىڭ تاغلىرىدىن كېلىدۇ. پۇرات دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**مەكرىت دەرياسى** چوڭ دەريا بولۇپ، باغدادتا ئاخىرلىشىدۇ. كۆپ ئەۋلىيالار بۇ دەريانىڭ بويىدا ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن.

**ئىيسا دەرياسى** بۇ دەريا پۇرات دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. باغدادقا يېقىندۇر. ئۇممان دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئالتۇن دەريا** بۇ دەريا شام زېمىنىدا بولۇپ، كىشىلەر بۇ دەريانى «بېشىنى تارازا بىلەن تارتىپ، ئاخىرىنى كەمچە بىلەن كەمچىدەپ ساتىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى، يەنى: بۆلۈنگەن تارماقلىرىدىن نۇرغۇن زىرائەتلەر ۋە مەھسۇلاتلار ئېلىنىدۇ، ئاخىرى بېرىپ تۇز كانى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە زايە بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

**ئەزەربەيجان دەرياسى** بۇ دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى تاتلىقتۇر. تەبەرىيە دېڭىزىغا بېرىپ قۇيۇلىدۇ.

بەزى يەرلىرىدىن ئېرىقلار ئايرىلىپ يەرلەرگە ئاقىدۇ. يەنە بەزى يەرلىرىدە سۈزۈك ۋە چىرايلىق تاشلار بولۇپ، مەرمەر تېشى دېيىلىدۇ.

**ئەرس دەرياسى** بۇ دەريا مەغرىبتىن مەشرىقكە قاراپ ئاقىدۇ. بېشى ئەرمىنىيە تاغلىرىدىن كېلىدۇ. سۈيى ناھايىتى تېز ئاقىدىغان بولۇپ، كېمە ماڭالمايدۇ. دەريانىڭ بويىدا 360 شەھەر بولغانىكەن، ئەمما ھازىر ۋەيران بولغان. بۇ دەريا ئەردىبىل ناھىيەسىدە بولۇپ، مەغرىب دېڭىزىغا بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

**جورجان دەرياسى** جورجان دېگەن شەھەرنىڭ تاغلىرىدىن كېلىدىغان بولۇپ، سۇلايمان تەختىگە يېقىندۇر. مەشرىقتىن مەغرىبكە قاراپ ئېقىپ، ھەزەر دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئامۇل دەرياسى** بۇ دەريا رۇس تاغلىرىدىن كېلىدۇ، بۇلغارىيە چېگراسىدا. ئۇنىڭدىن 76 تارماق ئېقىن ئايرىلىدۇ، تولا شەھەرلەرنىڭ تىجارەت ۋە تۇرمۇش يوللىرى بۇ دەريا بىلەن بولىدۇ.

**نەھرى سەفىت** (ئاق دەريا) بۇ دەريا ئەزەربەيجاننىڭ تاغلىرىدىن كېلىدۇ، ئابگۇن كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

**تەنە دەرياسى** بۇ دەريا پارس دىيارىدا بولۇپ، ئىسفەھان تاغلىرىدىن كېلىدۇ. خۇزىستاندىن ئۆتۈپ، پارس دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

**پارس دەرياسى** بۇ دەريا خۇزىستان تاغلىرىدىن كېلىدۇ. مەھدى قەلئەسىگە يېقىن.

**زىندە دەرياسى** چوڭ دەريا بولۇپ، ئىسفەھاننىڭ دىيارىدىن ئۆتىدىغان ئىككى تارماق ئېقىنى بار بولۇپ، بىرى جەرەسان، يەنە بىرى قابۇس دېيىلىدۇ. تېگىدىن مارجان چىقىدۇ.

**سەنجەر دەرياسى** بۇ دەريا ئىسفەھان ۋىلايىتىدىن ئۆتىدۇ. ئىسفەھاننىڭ باغۇ بوستانلىرى ۋە زىرائەتلىرى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ.

**ھىرات دەرياسى** بۇ دەريا چوڭ دەريا بولۇپ، خۇراسان تاغلىرىدىن كېلىدۇ. بۇ دەريا سەرخىس چېگراسىدا ئاخىرلىشىدۇ.

**ھەرىمەند دەرياسى** بۇ دەريا مەشھۇر دەريا بولۇپ، سىيىستان چېگراسىدا. سۈيى زەررە كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

**جەيھۇن دەرياسى** بەدەخشان تاغلىرىدىن باشلىنىپ مەغرىب بىلەن شىمال ئارىسىدا ئېقىپ، ۋەھش دېگەن يەرنىڭ چېگراسىغا بارغاندا، يەنە تۆت دەريا ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. ئۇ «دەريايى پەنج ئاب» (بەش سۇلۇق دەريا) دېيىلىدۇ. خارەزم كۆلىگە بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

**شاش دەرياسى** بۇ دەريا تۈركىستان شەھەرلىرىدە بولۇپ، مەشرىقتىن مەغرىبكە قاراپ ئاقىدۇ. خارەزم كۆلىدە ئاخىرلىشىدۇ.

**سەرىھ دەرياسى** ئۇ ناھايىتى چوڭ دەريا بولۇپ، تۈركىستان دىيارىدا. ئۇنىڭدا بىر خىل يىلان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆزى چۈشسە، ئۇ كىشى شۇ ھامان ھالاك بولىدۇ.

**چاج دەرياسى** بۇ دەريا تۈركىستان تاغلىرىدىن باشلىنىپ، خارەزم كۆلىگە بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

**جىجان دەرياسى** بۇ دەريا چىن تاغلىرىدىن كېلىدۇ.

**سەيھۇن دەرياسى** چوڭ دەريا بولۇپ، ھىندىستان چېگراسىدا. مىسىر دەرياسىغا تەڭ كېلىدۇ.

**سىندى دەرياسى** بۇ دەريا كەشمىر تاغلىرىدىن كېلىدۇ. بۇ دەريانىڭ بويىدا كۆپ شەھەرلەر بار. ئۇنىڭ سۈيى مولتان شەھىرىگە كېلىپ، سەيھۇن دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

**كەڭدۇز دەرياسى** بۇ دەريا ھىندىستاندا بولۇپ، تىبەت تاغلىرىدىن كېلىدۇ ۋە ھىندى دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئالللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇندىكى مەشھۇر بۇلاقلارنىڭ بايانى

بۇلاق شۇنداق ھاسىل بولىدۇكى، يەر ئاستىدا كۆپ بوشلۇقلار ۋە ئۆتەر يوللار بولۇپ، ئىچىدە سۇ ياكى ھاۋا بولىدۇ. بۇ ھاۋاغا سوغۇقلۇق تەسىر قىلسا سۇغا ئۆزگىرىدۇ. يەر ئاستىدىكى بۇ سۇلار كۆپەيگەنسېرى سىغىشماي، يەرنى يېرىپ ئۈستىگە چىقىشنى ئىزدەيدۇ. يەر قاتتىق بولسا، چىقالمايدۇ ـ دە، كارىز ۋە قۇدۇق قېزىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر بىلەن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىش پەسلىدە ھاۋا سوۋۇپ، ھارارەت يەر ئاستىغا يىغىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، يەردىن چىققان سۇ ئىسسىق بولىدۇ. ياز پەسلىدە ھاۋا ئىسسىغاندا، سوغۇقلۇق يەر ئاستىغا ئورۇنلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يەردىن چىققان سۇ سوغۇق بولىدۇ.

يەر يۈزىدە بۇلاق (چەشمە)لار كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە مەشھۇرلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**ئەردەك بۇلىقى** بۇ بۇلاق قازۋىن زېمىنىدا بولۇپ، سۈيى ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئەمما، ئۆز جايىدىن يۆتكەلسە، بۇ خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە، پايدا قىلمايدۇ.

**لەتىق بۇلىقى** بۇ بۇلاق ئىسفەرايىن شەھىرى بىلەن جورجان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. سۈيى ناھايىتى مول. ئەمما، بەزىدە ئۈزۈلۈپ قېلىپ يەنە پەيدا بولىدۇ.

**بادخان بۇلىقى** بۇ بۇلاق ئەمئان چېگراسىدا. بۇ بۇلاققا نىجاسەت تاشلانسا، سۈيى قايناپ چوڭ توپان بولىدۇ.

**باميان بۇلىقى** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغاندا، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى كېلىدىكەن، سۈيىدىن گۈڭگۈرتنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن، ئوتقا يېقىن كەلتۈرۈلسە، شولە (يانغىن) پەيدا قىلىدىكەن.

**مەلتىيە بۇلىقى** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئاق بولىدۇ، ئۆز ئورنىدا ئىچىلسە ھېچ زەرەر قىلمايدۇ، بىر پەرسەڭ يىراقلىققا ئاپىرىپ ئىچىلسە، ئىچكەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا تاش پەيدا قىلىپ ھالاك قىلىدۇ.

**دەرئاب بۇلىقى** بۇ بۇلاقتا بىر خىل گىياھ بار. كېسەل كىشى چۈشۈپ غۇسلى قىلسا، مەزكۇر گىياھ ئۇ كىشىگە چىڭ چىرمىشىدۇ، چىداپ تۇرسا شۇ سۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن گىياھ ئۆزى ئاجرايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ كېسىلى ساقىيىدۇ.

**دوراق بۇلىقى** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئىسسىق بولۇپ، بۇس ئۆرلەپ تۇرىدۇ. بۇ بۇلاقتىن قىزىل، سېرىق ۋە ئاق نۇرلار چاقناپ تۇرىدۇ.

**زىرائىيە بۇلىقى** بۇ بۇلاق مەۋسۇلغا يېقىندۇر. ئۇ يەردە نېلۇپەر ئۆسىدىغان بولۇپ، قىممەت باھادا سېتىلىدۇ.

**جەماد بۇلىقى** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قاچىغا ئېلىنىپ قانداق يەرگە قويۇپ قويۇلسا، ئۇ يەرگە چۈمۈلە، چېكەتكە كەلمەيدۇ.

**مەسكۇن بۇلىقى** بۇ بۇلاق ئەندەلۇس زېمىنىدىكى تاغ باغرىدا. ئۇ يەر «مەسكۇرە» دېيىلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ھەرگىز كېمەيمەيدۇ.

**ئەنھار بۇلىقى** بۇ بۇلاق ئەنتاكىيىيەدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ياغاچ تاشلانسا دەرھال كۆيۈپ كېتىدۇ.

**چاشقان بۇلىقى** بۇ بۇلاق مىسىردىكى بىر ئورمانلىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن مەزكۇر

ماكانىنىڭ تۆپرىقىدىن لاي ئېتىلسە بۇ لاينى چاشقان تېشەلمەيدۇ.

**ئەزەربەيجان بۇلىقى** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى سۈزۈكتۇر. سۈيى بۇلاقتىن ئايرىلىپ بىردەم تۇرسا تاشقا ئۆزگىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەرمەر تېشى شۇ جايدىن ھاسىل بولىدىكەن.

**ئەزدەمدىلۇن بۇلىقى** بۇ بۇلاق سىيستان شەھىرىدىكى بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بورا قومۇش ئۆسىدۇ.

**ملۇن بۇلىقى** بۇ بۇلاق بەيتۇلمۇقەددەستە بولۇپ، كىمكى سۈيىدىن ئىچىپ دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. كېسەل ئادەم ئىچسە، ساقىيىدۇ. بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ بوستانلىرى شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىدۇ.

**دەيلەم بۇلىقى** بۇ بۇلاق دەيالەمە زېمىنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى يازدا ناھايىتى سوغۇق، قىشتا ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ.

**فەرار بۇلىقى** بۇ بۇلاق خۇراساندا بولۇپ، تەپ بولغان كىشى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدە يۇيۇنسا، تەپ پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

**گۇلشەن بۇلىقى** بۇ بۇلاق بىر ـ بىرىگە يېقىن ئۈچ بۇلاق بولۇپ، تۇس زېمىنىدا. سۈيى كوھى سىياھنىڭ ئايغىدىن چىقىپ، بىر ئويمانلىققا كېلىپ يىغىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچكەن ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە شاد ـ خۇرام ئۆتىدۇ، غەم ـ ئەندىشە تارتمايدۇ.

**ۋەسلە بۇلىقى** بۇ بۇلاق سەلماس شەھىرىدىكى بىر بۇلاقتىن ئىبارەت. كىمكى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچسە، ئىچىنى دەرھال سۈرىدۇ.

**نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇلىقى** بۇ بۇلاق پارس زېمىندا بولۇپ، كېسەلچان ئادەم ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، بارلىق كېسەللىكلىرىدىن خالاس بولىدۇ.

**سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇلىقى** بۇ بۇلاق ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان قەلئە ئىچىدىكى بۇلاق بولۇپ، كىرمان (ئىراننىڭ شەھىرى) چېگراسىدا. ئىلگىرىكى زامانلاردا پادىشاھزادىلەر ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، پادىشاھلىققا يېتەر ئىكەن.

**كوسان بۇلىقى** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى كۆپ ھەم تاتلىقتۇر. «ھىرفەت» دېگەن جاينىڭ چېگراسىغا جايلاشقاندۇر.

**مەئرەل بۇلىقى** بۇ بۇلاق مۇر باياۋىنىدىكى بۇلاق بولۇپ، بۇ باياۋاندا چوڭ شەھەرلەر باردۇر.

**كۆمۈش بۇلاق** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قاچىغا ئېلىنىپ قويۇلسا، ئەتىسى بىر مىسقال مىقداردا كۆمۈش ھاسىل بولىدۇ.

**كەبەرىيىە بۇلىقى** بۇ بۇلاق سەلفان چېگراسىدا بولۇپ، خاسىيەتلىرى تولا. قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قۇيۇلسا، دەرھال ياشىرىدۇ. بۇ ئاجايىپ خاسىيەت ھېسابلىنىدۇ.

**نىھاۋەند بۇلىقى** بۇ بۇلاق تاغ يېرىقىدىن چىققان بۇلاق بولۇپ، ئادەم ياكى زىرائەت سۇغا موھتاج بولغاندا، مەزكۇر يېرىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ماڭا سۇ لازىم» دېسە، دەرھال سۇ ئېقىپ چىقىدۇ؛ «سۇ يېتەرلىك بولدى» دېسە، سۇ دەرھال توختاپ قالىدۇ. بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**دەرەخ بۇلىقى** بۇ بۇلاق جورجان شەھىرىنىڭ يولىدا بولۇپ، سۈيى بىر ئورۇنغا يىغىلىپ كۆل ھاسىل قىلىدۇ. بۇ كۆل بىلەن بۇلاقنىڭ ئارىلىقى بىر ئوقيا ئوقى يەتكۈچىلىك مۇساپە كېلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم غايىب بولۇپ تۇرىدۇ. سەۋەبى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. بىر پادىشاھ سىناق قىلىش ئۈچۈن، دەرەخنى زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاپ قويغان بولسىمۇ، غايىب

بولىدىغان ۋاقتى بولغاندا، دەرەخ تۆمۈر قوزۇقلارنى يۇلۇپ، زەنجىرلەرنى ئۈزۈپ غايىب بولۇپ كەتكەن. پادىشاھ غەۋۋاسلارنى سۇغا چۆكۈپ سىرىنى بىلىشكە بۇيرۇغان. ئۇلار سۇدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ سۇغا 1000 گەز چوڭقۇرلۇقتا چۆككەنلىكىنى، ئەمما بۇنىڭ سىرىنى ئاچالمىغانلىقىنى ئېيتىشقان.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**ئەبدۇللاھئاباد بۇلىقى** بۇ بۇلاق قازۋىن شەھىرى بىلەن ھەمەدان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا. سۈيى ئاجايىپ ئىسسىق بولۇپ، توخۇم ۋە گۆشنى بۇ بۇلاققا تاشلىسا، دەرھال پىشىپ چىقىدۇ.

**كالا بۇلىقى** بۇ كەرەملىك مەككىگە يېقىن بۇلاقتۇر. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۇنى تەۋەررۈك بىلىپ زىيارەت قىلىشىدۇ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى تەۋەررۈك بىلىپ ھەر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئىچىشىدۇ. ئۇلار، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن كالا شۇ بۇلاقتىن ئېلىپ كېلىنگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

**بورا بۇلىقى** بۇ ئەزەربەيجاندىكى بۇلاق بولۇپ، سۈيى بىلەن كىيىملەر بويىلىدۇ.

**مەغرىب بۇلىقى** بۇ مەغرىب زېمىنىدىكى بۇلاق بولۇپ، ئېغىزىغا ساندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قۇلۇپ سېلىنغاندۇر. سۈيىنى ئىچىدىغان ۋاقىتتا قۇلۇپنى ئېچىپ ئىچىدۇ. ئەتراپى قۇمۇشلۇقتۇر. سۈيى كېمىيىپ قالسا، ھىندىلار كېلىپ مول ئاش ـ تائاملارنى تەييار قىلىپ گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىشسا، سۈيى يەنە كۆپىيىدۇ.

**ئىلاج بۇلىقى** بۇ قازۋىن شەھىرى بىلەن جورجان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇلاقتۇر. سۈيى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئوق تېگىپ بەدىنىدە قالغان كىشى ئۇنىڭ سۈيىنى ئوق بار ئەزانىڭ ئۈستىگە تېمىتسا، ئوق تېشىغا چىقىدۇ. ئۇ يەنە ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

**تاش بۇلاق** بۇ بۇلاق دامغان دېگەن يەردە. ئۇنىڭغا سېرىق ھەرە تاشلانسا، نەپىس نەقىشلىك تاشقا ئۆزگىرىدۇ.

**زەھەر بۇلاق** بۇ چىن دىيارىدىكى بۇلاق بولۇپ، سۈيى ناھايىتى تاتلىقتۇر. ئەمما، شۇ يەردىن يۆتكەلسە، جان ئالىدىغان زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

**ئالتۇن بۇلاق** بۇ بىتۇن تېغىدىكى بۇلاق بولۇپ، سۈيى ناھايىتى سۈزۈكتۇر. كىشى ئۇنىڭغا مىڭ دىنار كۈمۈش تاشلىسا، كېيىنكى كۈنى ئالتە مىڭ دىنار بولۇپ چىقىدۇ. سەۋەبى نامەلۇمدۇر.

**قۇياش بۇلاق** بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قۇياش چىققاندا، مەغرىبكە يانىدۇ؛ قۇياش ئولتۇرغاندا بولسا، مەشرىققە قاراپ ئاقىدۇ.

**ئىپار بۇلاق** بۇ چىن دىيارىدىكى بۇلاق بولۇپ، سۈيى بىلەن قانداق نەرسە يۇيۇلسا، ناھايىتى پاكىزلىنىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلەر يۇيۇلسا، ئىپار پۇرىقى كېلىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇندىكى مەشھۇر قۇدۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنىڭ بايانى

يەر يۈزىدە قۇدۇقلار ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنىدۇ.

**قەزائى قۇدۇقى** بۇ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى قۇدۇق بولۇپ، ھەزرىتى رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا مۇبارەك تۈپرۈكلىرىنى سالغانىكەن. بىمارلار ئۇنىڭدىن تولۇق شىپالىق تاپىدۇ.

**زەمزەم قۇدۇقى** بۇ كەرەملىك مەككىدىكى قۇدۇق. مۇجاھىد — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — «ئەگەر كىشى ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچسە، جىمى كېسەللىكلەردىن خالاس بولىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، سۈيىگە ئوت تەسىر قىلمايدۇ» دەيدۇ.

**بەدىر قۇدۇقى** بۇ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى قۇدۇقتۇر. ساھابىلارنىڭ بىرى ئۇ توغرىسىدا: «بىر زامانلاردا بەدىر قۇدۇقىغا بارغانىدىم، بىر كىشىنىڭ قۇدۇقتىن قولىدا ئوتلۇق قامچا تۇتقان ھالدا چىققانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ئۇ قامچا بىلەن مېنى بىر ئۇرۇپلا يەنە قۇدۇققا كىرىپ كەتكەنىدى» دەيدۇ.

**تەۋفىق قۇدۇقى** بۇ مەغرىب زېمىنىدىكى قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن داۋاملىق بۇس ئۆرلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ تاش تاشلانسىمۇ، تېگىگە يەتمەيلا يېنىپ چىقىدۇ.

**كۆك قۇدۇق** بۇ تەرابلۇس زېمىنىدا بولۇپ، ھەرقانداق كىشى بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، نادان ۋە ئەخمەق بولۇپ قالىدۇ.

**يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقى** بۇ مىسىرنىڭ «سەنجەر» يېزىسىدىكى قۇدۇق بولۇپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى شۇ قۇدۇققا تاشلىغانىكەن. قانداق ئادەم سۈيىدىن ئىچسە، ھەممە ئىللەتتىن خالاس بولۇپ، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىدۇ.

**شاش قۇدۇقى** بۇ قۇدۇق تاشكەنت زېمىنىدا، سۈيى ناھايىتى تاتلىقتۇر. ئۇنىڭغا خام خىش تاشلانسا، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار چىقىشقا باشلايدۇ ۋە ئۈچ سائەتتىن كېيىن پەسىيىدۇ.

**چاقماق قۇدۇق** بۇ ئاجايىپ قۇدۇق بولۇپ، كىمكى سۈيىدىن ئىچسە، ئىچىنى دەرھال سۈرىدۇ. سۈيى بىر مەنزىل يەرگە ئېلىپ بېرىلسا قان ئارىلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن يىراققا ئېلىپ بېرىلسا، تاشقا ئۆزگىرىدۇ. بۇ قۇدۇققا ھېيز لاتىسى تاشلانسا، ئاجايىپ ئاۋازلار ۋە قاتتىق چاقماقلار پەيدا بولىدۇ. تاملار ۋە ئىمارەتلەرنى خاراب قىلىدۇ.

**ماھيان قۇدۇقى** بۇ ئاجايىپ قۇدۇق بولۇپ، ياۋايى ھايۋاناتلار ئۇسساپ سۇ ئىچكىلى كەلسە، سۈيى ئۆرلەپ ئېغىزىغا يېقىنلايدۇ، ھايۋان سۇ ئىچكىلى تۇرغاندا ئۇنى غەرق قىلىدۇ ۋە بىر سائەتتىن كېيىن ئۇستىخانلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ، سەۋەبى نامەلۇمدۇر.

**مەسە قۇدۇقى** بۇ مىسىر ئەتراپىدىكى قۇدۇق بولۇپ، ھەزرىتى ئېيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۈيى بىلەن غۇسلى تاھارەت ئالغاندۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر تۈپ يىلىسان دەرىخى بولۇپ، شۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلمىسا، ئۇنىڭدىن ياغ چىقمايدۇ.

**سەرەج قۇدۇقى** بۇ قۇدۇقنىڭ بېشىدا ناھايىتى چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك گۈمبەز بولۇپ، ئۇ يەرگە كىم بارسا، ئىسمى بىلەن چاقىرىپ مەقسىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەمما، چاقىرغۇچىنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تېگىدىن پىروزا چىقىدۇ.

**خۇد قۇدۇقى** بۇ قۇدۇق شەھەرگە يېقىن كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئۇنىڭ ئېغىزىغا مىس قازان قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا كىچىك تۆشۈك ئېچىلغان، ئۇنىڭدىن تۆشۈكنىڭ چوڭلۇقىدا سۇ چىقىدۇ. تۆشۈك كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىرقانچە ئېرىق سۇ ھاسىل بولىدۇ. تۆشۈك چوڭ بولغان بولسا، سۇنىڭ تولىلىقىدىن شەھەر خاراب بولغان بولاتتى.

**بابىل قۇدۇقى** بۇ قاراڭغۇ قۇدۇق. ئۇنىڭغا ھارۇت، مارۇت دېگەن پەرىشتىلەر تەتۈر ئېسىلغان بولۇپ،

ئۇلار تاكى قىيامەتكىچە ئازابقا دۇچاردۇر.

ئىسفەھان قۇدۇقى بۇ ئىسفەھاندىكى بىر قۇدۇق بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى نامەلۇمدۇر. ئىسھاق سىمجۇرىي دېگەن كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر كىچىك بالا بۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئانىسى يىغلاپ نالە ـ پەرياد قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر كىشى زىنداندىن ئېلىپ چىقىلىپ، بېلىگە ئارغامچا باغلىنىپ، ئارغامچا ئۇچىغا يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئارغامچا ئۇلىنىپ، ئۇ كىشىگە بىر مۇنچە ئۇششاق تاش ھەمراھ قىلىنىپ قۇدۇققا چۈشۈرۈلگەن، مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئارغامچا تارتىلىپ، ئۇ كىشى قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ، قۇدۇقنىڭ ئەھۋالىدىن سورالغاندا، ئۇ: «قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ، تاش تاشلاپ، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىيالمىدىم، ئىچىدە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسىنى سەزمىدىم» دېگەن.

ئابدۇرەھمان قۇدۇقى بۇ پارس يۇرتىدىكى قۇدۇق بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇردۇر. كۆپ ۋاقىتلاردا ئىچى قۇرۇق تۇرىدۇ. يىلدا بىر قېتىم سۇ پەيدا بولۇپ تۈگمەنلەرنى ماڭدۇرۇپ، زىرائەتلەرنى سۇغىرىپ، كۆپ پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىڭىپ يوقىلىدۇ.

سايىك قۇدۇقى بۇمۇ پارس زېمىنىدىكى قۇدۇق بولۇپ، ھەمىشە بوس ئۆرلەپ تۇرىدۇ. سۈيى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئۈستىدىن ئۇچارلىقلار ئۆتسە، قانىتىنى كۆيدۈرىدۇ.

ئاۋازلىق قۇدۇق بۇ تىبەتتىكى بىر قۇدۇق بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا يېقىن كەلسە، ئىچىدىن پارسچە، ئەرەبچە، تۈركچە، ھىندىچە ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر ئاڭلىنىدۇ. يامغۇر ياغسا، بۇ ئاۋازلار توختاپ قالىدۇ؛ يامغۇر توختىسا، ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىدۇ.

سىنكارىب قۇدۇقى بۇ ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى قۇدۇق بولۇپ، كىشى ئىچىگە قارىماقچى بولسا، قۇدۇق ئىچىدىن پالتىغا ئوخشاش ئۆتكۈر تاشلار چىقىپ، كىشىنىڭ يۈزىگە تېگىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ قۇدۇق ئىچىدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ جەسىتى بار دېيىشىدۇ. قالغىنىنى ئالللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

سۇنئى قۇدۇقى بۇ ھىندىستان دىيارىدىكى قۇدۇق بولۇپ، سۈيى قاچىغا ئېلىنىپ ھەمەل پەسلىدىن مىزان پەسلىگىچە قويۇلسا، تەرياققا ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ھەممە كېسەللىكلەرگە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ھۇت پەسلىنىڭ ئاخىرىغىچە قويۇلسا، جان ئالغۇچ زەھەر بولىدۇ. سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

قەيسۇرا قۇدۇقى بۇ ھىندىستاندىكى قۇدۇقتۇر. ئۇنىڭدا بىر خىل بېلىق بار بولۇپ، سۇدىن چىقىرىلسا، دەرھال تاشقا ئۆزگىرىدۇ دېيىلگەن.

## رۇبئى مەسكۇندىكى ئاراللارنىڭ بايانى

دېڭىزلار ۋە تاغلار ئارىسىدا ئاراللار كۆپتۇر. خۇدايىتائالا ئۇلار ۋە ئۇلاردىكى پايدىلارنى بەندىلەرنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئىگىدارلىقىدىدۇر؛ بەزىلىرى جىن ۋە دىۋىلەرنىڭ ماكانىدۇر؛ بەزىلىرى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جايلىرىدۇر؛ بەزىلىرى بولسا ياۋايى قۇشلارنىڭ جايلىرىدۇر؛ يەنە بەزىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنىڭ كانلىرىدۇر. بەزىلىرى تېخى

ھېچ كىشى تەرىپىدىن بايقالمىغاندۇر.

تۆۋەندە ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى بايان قىلىنىدۇ:

**مەمكۇب ئارىلى** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئارالدا بىر خىل دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى ئادەم سۈرىتىدە بولىدۇ. يەنە قاپاق شەكىللىك بىر خىل مېۋە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى دانە ئەمچەكتەك ئۆسكىچە پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنى قاپاق شەكىللىك مېۋىلەر ئېمىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن سۈتلەر ئاقىدۇ. بۇ شەكىللەر بىر يىل ئىچىدە بىر گەز ئەتراپىدا چوڭىيىپ قۇرۇپ قالىدۇ. كېلەر يىلى يەنە شۇ ھالەتتە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىشتۇر.

**ياقۇت ئارىلى** بۇ قاراڭغۇ دېڭىزدىكى ئارال بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىزىل، سېرىق، كۆك ياقۇت چىقىدۇ.

**كۈمۈش ئارىلى** بۇ خەتتى ئۇستۇۋاغا يېقىن ئارال بولۇپ، ئېقىن سۇلىرىنىڭ تېگىدە بىر ـ ئىككى مىسقال كۈمۈش پەيدا بولىدۇ. ھېچقانداق تاش ئارىلاشمىلىرى بولمايدۇ.

**دېھقانلار ئارىلى** بۇ ئارال چىن ۋىلايىتىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1000 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھى مېھراج دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يىلدا 1000 پاتمان ئالتۇن باج تۆلىنىدۇ.

بۇ ئارالدا بىر خىل تۆلكە بولۇپ، ناھايىتى چوڭلۇقىدىن پىلدەك چوڭ ھايۋانلارنى تۇتۇشقىمۇ قۇربى يېتىدۇ. كافۇر دەرىخىمۇ شۇ ئارالدىن چىقىدۇ. بۇ ئارالنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپتۇر.

«ئاجائىبۇل ـ مەخلۇقات» (ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، مەزكۇر پادىشاھقا بېرىلىدىغان باج كۈنىگە ئىككى پاتمان ئالتۇن ئىكەن. ھەر كۈنى شۇنچىلىك مىقداردا ئالتۇن تەييارلىنىپ دەرياغا تۆكۈلىدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ خەزىنىسى شۇ دەريا ئاستىدىكەن.

بۇ ئارالدا بىر قوۋم بولۇپ، قىياپىتى ئادەمگە ئوخشىسىمۇ، ئەمما خۇي ـ پەيلى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ھايۋاناتلارغا ئوخشايدىكەن. قاناتلىرى بار بولۇپ ئۇچالايدىكەن. بۇ ئارالدا يەنە ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭلىك تۆتى قۇشلار بار بولۇپ، ھەرقانداق سۆزنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالايدىكەن.

**تەيرى ئارىلى** بۇ ئارال چىن زېمىنىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2000 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئېگىز تاغلار، ئېقىن سۇلار كۆپتۇر. ھاۋاسى يېقىشلىقتۇر. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قىزىل، سېرىق، كۆك ياقۇتلارنى ئېلىپ كېلىشىدۇ.

**نەقا ئارىلى** بۇ ئارال رېھ ئارىلىغا تۇتاشقان. بۇ جاي ئالتۇن كانىدۇر. كىشىلەر ئىت، مايمۇنلارنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىنىمۇ ئالتۇندىن قىلىدۇ. پادىشاھى كېلىشكەن ھەم كامالەتكە يەتكەندۇر. ئۇنىڭ دۆلەت ئەركانلىرى، مۇلازىملىرى ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى ئاياللاردۇر. ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ. ئابنۇس دەرىخىنىڭ ياغاچلىرىنى ئوتۇن قىلىدۇ.

**بېرتانىيە ئارىلى** بۇ ئارال مەغرىبنىڭ ئەڭ چېتىدە. مەغرىب خەلقىنىڭ ئىمارەتلىرى شۇ ئارالدا تامام بولىدۇ.

**ۋەسلا ئارىلى** بۇ ئارالدا ئاد قوۋمىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىر قوۋم بولۇپ، بويى ناھايىتى ئېگىزدۇر. پۇتلىرىنىڭ تاپانلىرى بىر گەز كېلىدۇ. ئۇلار ئادەمخور بولۇپ، ئادەملەرنى تۇتۇپ، ئەزالىرىنى ئۈزۈپ يەيدۇ، دېيىلىدۇ.

**سەلامەت ئارىلى** بۇ ئارال ھىندى دېڭىزىدا بولۇپ، ئۇ يەردىن سەندەل، كافۇر چىقىدۇ.

**قەسر ئارىلى** بۇ ئارالمۇ ھىندى دېڭىزىدا. ئۇنىڭدا بىر قەسىر بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەم

كىرسە ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر پادىشاھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ، قەسىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، خىزمەتچىلىرى ۋە ياساۋۇللىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ھەرىكەتتىن قالغان ۋە تېشىغا چىقىشقا قادىر بولالمىغان. ھەممىسىنى ئۇيقۇ بېسىپ يىقىلىشقان. بەزىسى ئالاقزادە بولۇپ ئارقىسىغا يانغان، قالغانلىرى ھالاك بولغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ قەسىرنىڭ ئىچىدە ئۆلۈكلەر بار ئىكەن. ئۇ يەردە تۇرغان ئادەملەرنىڭ تەنلىرى ئادەم تېنىگە، باشلىرى ئىتنىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن.

**چاقماق ئارىلى** بۇ ئارالدا ئۈچ جاي بار بولۇپ، يىلنىڭ ھەممە كېچىلىرىدە بىر بولسا چاقماق چاقىدۇ، بىر بولسا يامغۇر ياغىدۇ، ياكى بولمىسا بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ.

**قوڭغۇرلار ئارىلى** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئارالدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ يۈزلىرى كۆكرەكلىرىدە ئىكەن، رەڭگى ئاق، قىزىل ئىكەن. ئۇ يەردە نارجىل، ئۇد، جەۋزى ھىندى دەرىخى كۆپ.

**سالۇس ئارىلى** بۇ ئارال ئادەملىرىنىڭ تولىسى يالىڭاچ يۈرىدۇ. ئۇلار ھىندى خەلقىدىن بولۇپ، نارجىل ۋە تۆمۈر ساتىدۇ.

**جاشك ئارىلى** بۇ ئارالنىڭ ئادەملىرى داۋاملىق دەريالاردا يۈرۈپ كېمە يوللىرىنى توسۇپ، جېدەل چىقىرىدۇ. غەۋۋاسلىقنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت سۇدا تۇرغان بولغاچقا، سۇ زەرەر قىلمايدۇ.

**كۆيدۈرگۈچى ئارال** ئۇ پارسنىڭ ئاراللىرىدىندۇر. مەرۋايىتنىڭ ياخشىسى شۇ جايدىن چىقىدۇ.

**ئۇرۇش ئارىلى** قەدىمكى ئاراللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىنسان سۈپەت شەيتانلار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلايدۇ.

**مۇبارەك ئارىلى** قەدىمكى ئاراللاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەملەر كۆپ بارمايدۇ.

**ئالماس ئارىلى** بۇ زەڭگىلەرنىڭ ئاراللىرىدىن بولۇپ، ئادەملىرىنىڭ بويى بىر گەزدىن ئاشمايدۇ. بىر كۆزى ئەما، يېرىم بەدىنى پالەچ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىر خىل قۇشلار بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇلاپ كور قىلىپ قويىدىكەن.

**ئوت ئارىلى** بۇ ئارال مەغرىب دېڭىزىنىڭ ئاراللىرىدىندۇر. ئۇنىڭدا بىر جاي بولۇپ، ئۇستىدە ئېگىزلىكى 100 گەز كېلىدىغان مۇنار باردۇر. ئۇستىگە بىر تىلسىم ھەيكەل قاتۇرۇلغان بولۇپ، قولىنى مەغرىب دېڭىزىغا قارىتىپ سۇنۇپ، گوياكى بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك ئولتۇرىدۇ.

**قۇشلار ئارىلى** بۇ رۇم دېڭىزى ئاراللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا 130 خىل قۇش بار. شۇ سەۋەبتىن «قۇشلار ئارىلى» دەپ ئاتالغاندۇر.

**ئىبادەتخانا ئارىلى** بۇ مەغرىب دېڭىزىنىڭ ئاراللىرىدىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىر ئىبادەتخانا بار ئىكەن، ئۇنىڭدا تاشتىن قويۇرۇلغان ھەيكەل بار بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ مەسچىت بار ئىكەن. ئىبادەتخانىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە يەنە بىر تىلسىم ھەيكەل بار بولۇپ، بىرەر ئادەم ئىبادەتخانىغا زىيارەتكە كەلسە «پالانى مېھمان بولۇپ كەلدى» دەپ ئاۋاز قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مېھمانغا تۇشلۇق يېمەك - ئىچمەك چىقىدىكەن. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئىشىك يەنە تاقىلىپ قالىدىكەن. ھەممە چاغ شۇنداق ھالەتتە داۋام قىلىدىكەن.

**ھافىز ئارىلى** بۇ مەغرىب دېڭىزىنىڭ ئاراللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىگىسىز قويلار تولىدۇر. ئۇ جايغا سودىگەرلەر بېرىپ قالسا، بۇ قويلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.

**قاھىرۇن ئارىلى** بۇ ئارال چىن دېڭىزىدا. ئۇنىڭدا «كەرگ» دېيىلىدىغان بىر ھايۋان بولۇپ،

پېشانىسىدە بىر گەز ئۇزۇنلۇقتا بىر مۈڭگۈزى باردۇر، كېسىۋېتىلسە يەنە بىر ھايۋاننىڭ شەكلى كۆرۈنۈپ يوقىلىدۇ.

**بىتائىل ئارىلى** بۇ چوڭ ئارال بولۇپ، ئىمارەت ۋە بىنالار يوق. ئۇ جىنلارنىڭ ماكانىدۇر. كېچىلىرى ئۇ يەردىن دۇتار ۋە نەينىڭ ئاۋازى كېلىدۇ.

**مىھراج ئارىلى** بۇ ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆل بار بولۇپ، پادشاھ ئۇچۇن ئالتۇن، جاۋاھىرات ۋە باشقا ھەرقانداق نەرسە قولغا كەلسە، شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويىدۇ. پادىشاھ ئۇ يەرنى ئۆزىنىڭ خەزىنىسى دەپ بىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدە ھەمىشە ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ.

**كەلە ئارىلى** بۇ ئارالنىڭ قەلەي كانى بار. ئۇنىڭدا يەنە چوڭ يىلانلار بار بولۇپ، بىر قوينىمۇ يۇتالايدۇ.

**لىنكابۇس ئارىلى** بۇ ئارالنىڭ ئاۋات جايلىرى بار. ئۇنىڭدا ياشايدىغان ئادەملەر يالىڭاچ يۈرۈشىدۇ، كىيىم كىيمەيدۇ. مۇساپىرلار ئۇلارنىڭ ماكانىغا بېرىپ قالسا، مۇساپىرلارنى ئوۋلاپ تۇتۇشنى قەستلەيدۇ.

**شامال ئارىلى** بۇ ئارالدا كافۇر باردۇر. بۇ يەرگە ئادىمىزات ئاز بارىدۇ. بۇ يەردە مايمۇنلار تولىدۇر.

**قىمار ئارىلى** بۇ ھىندىستاندىكى ئارال بولۇپ، دەرەختى ئۇرى، ئۇدى قىمارى دېگەن دورىلار شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**رۇم ئارىلى** بۇ يېشىل دېڭىزنىڭ ئاراللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بار، يىلتىزى يىلان چاققان، زەھەر ئىچكەن كىشىلەرنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۆزگە زەھەرلەرگىمۇ تەرياق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە بىر خىل زىراپە بولۇپ، قۇيرۇقى يوق. ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل ئادەملەر بار بولۇپ، قامىتى تۆت گەز كېلىدۇ. سۆزلىرىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. داۋاملىق يالىڭاچ يۈرىدۇ.

**چايان ئارىلى** بۇ يېشىل دېڭىزدىكى ئارال بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ چايانلار بار. «جاھاننامە» دېگەن كىتابتا «ئىشەنچلىك كىشىدىن ئۇ يەردىكى چايانلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ تۆگىنىڭ كۆزىدەك بارلىقىنى ئاڭلىدىم» دېگەن بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**سەرەندىپ ئارىلى** مۇبارەك ئارال بولۇپ، كەڭلىكى 70 پەرسەڭ كېلىدۇ. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ ئارالدىكى تاغقا چۈشكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئارالدىن ئالماس ۋە قىزىل، سېرىق، كۆك ياقۇتلار چىقىدىكەن.

**مۇسەللا ئارىلى** بۇ ئارالدا پىلپىل دەرىخى كۆپتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىلپىلنىڭ ھەربىر ساپىقىدا بىر دانە چوڭ ياپراق بولۇپ، يامغۇر ياغقاندا پىلپىلنى توسۇپ تۇرىدىكەن، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ياپراق ساپاق يۈزىدىن كۆتۈرۈلىدىكەن. ھەمىشە شۇنداق داۋاملىشىدىكەن. بۇغداي بېشى، ئۈزۈم ساپىقىمۇ ساپاق دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**زەنگىبار ئارىلى** بۇ ئارال زەنگىبار زېمىنىدا. ئۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار كۆپتۇر. شۇلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ يەردە بىر خىل زەڭگى خەلق بار بولۇپ، بەدىنىدىكى ھەممە موىلار ئاق ئىكەن.

**ھامىل ئارىلى** بۇ پارس دېڭىزىدىكى ئارالدۇر. بەزىدە دېڭىز سۈيى تېشىپ قۇرۇقلۇقنى قاپلايدۇ. بۇ چاغدا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ بىللە چىقىدۇ. شۇ ناھىيەدىكى كىشىلەر بۇ بېلىقلارنى تۇتۇپ قايىنتىپ ياغلىرىنى ئالىدۇ ۋە پۈتۈن بىر يىل جەريانىدا ئۇنى ئىشلىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ياغ ياغاچ قاچىدىن باشقىسىدا تۇرمايدىكەن.

**قۇبرۇس ئارىلى** بۇ مەشھۇر ئارال بولۇپ، كېمە بىلەن شامدىن قۇبرۇسقا ئىككى كۈندە، قۇبرۇستىن رۇمغا ئۈچ كۈندە بارغىلى بولىدۇ. قۇبرۇستىن يۇڭ، چىگە ئېلىپ ھەرقايسى جايلارغا يۆتكىلىدۇ.

**جىن ئارىلى** بۇ ئارال «خەزر» دېڭىزىدا بولۇپ، ئۇ يەردىن داۋاملىق قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كېلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن «جىن ئارىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام جىنلارنى شۇ ئارالغا بەند قىلغانىكەن.

**سۇريا ئارىلى** ئۇ پارس دېڭىزىدا. ئادەملىرى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا.

**بەيز ئارىلى** رۇم ئاراللىرىدىن بولۇپ، ئۇ يەردە كۈمۈش ۋە باشقا جاۋاھىراتلار تولىدۇر.

**نەۋرەس ئارىلى** ئافرىقا دېڭىزىدىكى ئارالدۇر. ئۇ يەردە بىر خىل ھايۋان بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى ئادىمىزاتنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئوخشايدۇ. پەقەت بېشى بىلەن قۇلىقى باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

**سەقىيە ئارىلى** شام دېڭىزىدىكى ئارالدۇر. ئەتراپى 90 پەرسەڭ كېلىدۇ.

**سۇراتىيە ئارىلى** بۇ ئارالنىڭ ئەتراپى 100 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئاھالىلىرى غارايىپ ئىشلارنى بىلىدۇ. تىلسىماتلارنى پەيدا قىلالايدۇ.

**تەيرنە ئارىلى** بۇ شامدىكى ئاراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەتراپى 30 پەرسەڭ كېلىدۇ. تىجارەتچىلەر ئۇ يەردىن كۆپ پايدا ئالىدۇ.

**باكىر ئارىلى** بۇ ئارالدا سۈزۈك سۇ يوقتۇر. سۇلىرىنىڭ ھەممىسى بەتتەم، قارا بولىدۇ. سۇدىن يىلدا بىر قېتىم ئوت چىقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھەقىقەتتىنى ئاللا بىلىدۇ.

تۆۋەندە بەزى ئاجايىپ ۋىلايەتلەر، تاغلار ۋە تاشلارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنىدۇ.

## بەزى ئاجايىپ ۋىلايەتلەر، تاغلار ۋە تاشلارنىڭ بايانى

**كۇھى قاف** تۆۋەندە كۇھى قافنىڭ ئاجايىپ ئەھۋاللىرىدىن ئازغىنا بايان قىلىنىدۇ.

ھەزرىتى رىسالەت پاناھ مۇھەممەد ــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ دىن نەقىل قىلىنىشىچە، خۇدايتائالا كۇھى قافنى جاھاننىڭ ئەتراپىغا ئىھاتە ھالەتتە ياراتقاندۇر. جاھان كۇھى قافنىڭ ئىچىدە خۇددى ئادەم بارمىقى ئۈزۈك ئىچىدە تۇرغاندەك تۇرىدۇ. كۇھى قاف زۇمرەتتىن يارىتىلغاندۇر. ئۇنىڭ يېشىللىقىدىن ئاسمان يېشىل كۆرۈنىدۇ. ئاسماننىڭ ھەممە ئەتراپى كۇھى قافقا تېگىشىپ تۇرىدۇ. كۇھى قافقا ئادىمىزات قەدىمىنىڭ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ يەرگە تۆت ئاي قاراڭغۇدا ماڭغاندا، ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلار يوقتۇر. ئۇ يەرلەرنىڭ يورۇقلۇقى كۇھى قافدىن يانغان شولىدىن كېلىدۇ.

**جابىلقا ۋە جابىلسا شەھەرلىرى** ئۇلارنىڭ بىرى مەشرىقتە، يەنە بىرى مەغرىبتىدۇر. مەشرىقتىكىسى جابىلقا، مەغرىبتىكىسى جابىلسا دېيىلىدۇ. ئۇلار يېشىل زۇمرەتتىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى كۇھى قافقا تۇتاشتۇر. ھەر بىرىنىڭ تۆت تەرىپى ئون پەرسەڭدۇر. ھەزرىتى ئەلى ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ رەسۇلۇللا ـ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي ــ دىن : «بۇ ئىككى

شەھەر ئادەملىرىنىڭ سانى قانچىلىكتۇر؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلىللا ئەلەيھىسسالام ــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ: «ھەربىر شەھەرنىڭ مىڭ دەرۋازىسى بار، ھەربىر دەرۋازىنى مىڭ كىشى نۆۋەتلىشىپ ساقلايدۇ. نۆۋەتنىنى بىر كېچە كەتكۈزۈپ قويسا، ئۆمۈر بويى نۆۋەت يەنە بىر قېتىم كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەرۋازىنى بۇنداق چىڭ ساقلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ناقىل دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تائىپە خەلق بولۇپ، ئۇلار بىلەن بۇلار ئارىسىدا داۋاملىق جەڭگى ـ جېدەل بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن. ھەزرىتى ئەلى يەنە سورىغان: «بۇ ئىككى شەھەرنىڭ خەلقىمۇ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىنمۇ؟» رەسۇلىللا ئەلەيھىسسالام ــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئۇلار ئادەممۇ ئەمەس، جىنلاردىنمۇ ئەمەس، پەرىشتىلەردىنمۇ ئەمەستۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرى پەرىشتىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىگە ئوخشايدۇ. پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلار زېمىنىنىڭ گىياھلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، كىيىم كىيمەيدۇ، ئۇلار نەسىل قالدۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەر بولۇپ، ئاياللىرى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئەھلى جەننەتتىندۇرلار. مېئراج كېچىسى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغاندا، مەن ئۇلارغا ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆتتۈرىغا قويغاندىم، ئۇلار قوبۇل قىلغاندى».

توغرىسىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

تۆۋەندە مەغرىب دىيارىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىدىن ئازراق بايان قىلىنىدۇ.

## مەغرىب دىيارىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىنىڭ بايانى

مەغرىب دىيارى ناھايىتى كەڭ زېمىندۇر. ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۇر. ئۇلار ئەقىلمالارنىڭ ئەھۋالىدا بايان قىلىندى. مەغرىب دىيارى «سەفاتۇر رەھ» دېگەن جايغا يېقىندۇر. ئۇ يەردە بىر باياۋان بولۇپ، زىيادە ئىسسىقلىقى ۋە قۇمنىڭ تولىلىقىدىن ئىمارەت بىنا قىلغىلى بولمايدۇ. كىتابنىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر باياۋاننىڭ ئەتراپى قۇملۇق ئىكەن، نەچچە كۈن يول يۈرسە قۇملۇق ئىچىدە بىر شەھەر ئۇچرايدىكەن، خەلقىنىڭ ھەممىسى ئايال كىشى ئىكەن. ئۇ شەھەر ئاياللار شەھىرى (شەھىرى زەنان) دېيىلىدىكەن. ئۇ يەردە ئەر كىشى يوق ئىكەن. ئەر كىشى بېرىپ قالسا، سۈيى ۋە ھاۋاسى ياقماي شەھۋىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، قىسقىغىنا ئۆمۈر كۆرۈپلا ئالەمدىن كېتىدىكەن. بۇ شەھەردە بىر قۇدۇق بار بولۇپ، ئاياللار ئۇنىڭدا يۇيۇنسا، شەھۋىتى (ھەۋىسى) قوزغىلىپ، زىيادە لەززەتلەنگەنلىكىدىن ئابى مەنىلىرى ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ، سۇنىڭ ئېقىمىشى بىلەن بالىياتقۇلىرىغا كىرىپ ھامىلىدار بولىدىكەن. بۇ ئاياللار ھەمىشە قىز تۇغىدىكەن. ناھايىتى ھۆسنى جاماللىق بولۇپ، چىرايلىقلىقىدىن پەرىلەرمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىكەن. ئۇلار جىما تەلىپىدىن پاك ئىكەن. ئۇلاردىن بىرەرسى باشقا ۋىلايەتلەرگە بېرىپ قالسا، ئەرلەرنىڭ جىما ۋە جىنسىي شەھۋىتىدىن ئازۇردە خاتىر بولىدىكەن ۋە ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئادەتلىرىگە ئۆزۈندا كۆنىدىكەن. ئۇلار ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان بولۇپ،

خۇدايىتائالانىڭ ئىبادەتلىرىنى تېگىشلىك يوسۇندا ئادا قىلىدىكەن. ئۇلار ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە يەتكەن بولۇپ، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇزلىرى قىلىدىكەن. بىرى بىرىگە زىيان يەتكۈزمەيدىكەن. يىلغا يەتكۈچە مىقداردا مال يىغىشتەك ئىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىكەن.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر تائىپە خەلق بار، ئۇلار بەنى ئىسرائىلدىن بولۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندۇر. خۇدايىتائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى دەرياغا غەرق قىلغاندا، بەنى ئىسرائىلدىن بىر جامائە خەلق ئاللاغا مۇناجات قىلىپ: «ئەي خۇدا، بىزنى ئۇ قوۋم ئارىسىغا ئەۋەتمىگىن» دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قېلىپ ئالەمنىڭ ئاپەتلىرىدىن سالامەت قالغانىكەن.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## بىچانگىر ۋىلايىتىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىنىڭ بايانى

بىچانگىر ناھايىتى ئاۋات شەھەر بولۇپ، زېمىنى ئىنتايىن كەڭ شەھەر. چېگراسى سەرەندىپ ۋە بەنگالەغەچە بارىدۇ. ئۇ يەر «گۇلبەرگ» دېيىلىدۇ. يەنە يىلبار دېگەن جايدىن بەنگالەنىڭ چېگراسىغىچە 1000 پەرسەڭدىن ئارتۇقراق يول باردۇر. ئۇنىڭ يەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋاتتۇر.

بىچانگىر شەھىرىنىڭ يەتتە قورغىنى باردۇر. ھەممىسىنىڭ دەرۋازىسى بىرى بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. قورغاننىڭ ئەتراپى، ئېگىزلىكى بىلەن كەڭلىكى 50 گەز كېلىدۇ. ئەتراپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغاندۇر. بىرىنچىدىن ئۇچىنچىگىچە بولغان قورغاننىڭ ئىچىدە باغۇ بوستان، زىرائەت ئېتىزلىرى ۋە ئىمارەتلەر باردۇر؛ تۆتىنچىدىن ئالتىنچىگىچە بولغان قورغاننىڭ ئىچىدە بازارلار، دۇكانلار باردۇر؛ يەتتىنچى قورغاننىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ قەسرى باردۇر. قەسىر ئالدىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرغان بازارلار بار بولۇپ، ھەربىر بازارنىڭ ئۈستىدە ئېگىز تاقلار ياسالغاندۇر. دۇكانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇ يەردە گۇلفۇرۇشلانىڭ دۇكانلىرى كۆپتۇر. بۇ شەھەردە گۇللەر داۋاملىق ئېچىلىپ، قۇشلار خۇشال سايرىشىپ تۇرىدۇ. گۇللىرى خۇشبۇي، ئادەملىرى خۇشچىراي. ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇراشنى لازىم ۋە زۆرۈر دەپ بىلىدۇ.

پادىشاھ قەسرىنىڭ ھەممە تەرىپىدە سۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۈستىگە تاش بىلەن نەقىشلەنگەن كۆۋرۈكلەر سېلىنغاندۇر؛ پادىشاھ ئايۋىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دىۋانخانىسى (ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇن) باردۇر. ئۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 40 تۈۋرۈك بىلەن قوپۇرۇلغاندۇر. تېگىگە گەج ۋە قىرىلغان تاش ياتقۇزۇلغاندۇر. ئىچىگە بىر دانە كۇرس قويۇلغاندۇر. ئايۋاننىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى ئادەم بويى بىلەن تەڭ بەلكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، ئۇزۇنلۇقى 30 گەز، كەڭلىكى ئالتە گەز كېلىدىغان دەپتەرخانە (كاتىبات ئىشخانىسى، گۇۋاھلىق ئورنى) باردۇر. ئۇنىڭدا پۈتۈكچىلەر ئىش كۆتۈپ تۇرغاندۇر. 40 تۈۋرۈكلۈك بۇ دىۋانخانا ئىچىدىكى سۇپىدا ئالىي مەنسەپلىك ئەمەلدار يالغۇز ئولتۇرىدۇ. سارايىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تاياق ـ توقماق تۇتقان ياساۋۇللار سەپ تۈزۈپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندۇر. قانداق بىر ئادەمنىڭ مۇھىم ئىشى بولسا، بۇ ياساۋۇللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ ھاجىتىنى ئېيتسا، ھېلىقى

ئالىي مەنسەپلىك ئەمەلدارغا مەلۇم قىلىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. ياساۋۇللاردىن ئۆزگە كىشىنىڭ ئالىي مەنسەپلىك ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا بارالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## كەشمىر ۋىلايىتىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنىڭ بايانى

كەشمىر ۋىلايىتى ئۆتىنچى ئىقلىمدىدۇر. تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغدۇر. شىمال تەرىپى بەدەخشان ۋىلايىتىگە، جەنۇب تەرىپى ھىندىستان مەملىكىتىگە، مەغرىب تەرىپى ئافغان تائىپىلىرىنىڭ مەنزىللىرىگە، مەشرىق تەرىپى تىبەت چۆللىرىگە تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە ئۈچ يولدىن باشقا يول يوقتۇر. بۇ يوللارنىڭ بىرى بەدەخشان تەرەپ بىلەن تاغلىق رايونغا بارىدۇ. ئەمما، بۇ يولدىن كېسىپ ئۆتمەك ناھايىتى قىيىندۇر. ئۇلاغلار بۇ يولدىن يۈك بىلەن ئۆتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر يۈكلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئېلىشىپ كۆتۈرۈپ ئۆتۈشىدۇ. نەچچە تاغلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يۈكلىرىنى ئۇلاغلىرىغا ئارتىشىپ مېڭىشىدۇ.

ھىندىستان تەرەپتىكى يولمۇ شۇنداقتۇر.

يەنە بىر يولى تىبەت تەرەپتىكى چۆلگە تۇتىشىدۇ. ئۇ باشقا يوللارغا قارىغاندا نىسبەتەن ئاساندۇر. ئەمما، نەچچە كۈنلۈك يولدىكى گىياھلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىكتۇر. ئۇ يەردىن ئۇلاغلىق ئۆتمەك ناھايىتى تەستۇر. چۈنكى، بۇ چۆلنىڭ ھاۋاسى بۇزۇق ۋە ناخۇش بولۇپ، ئاتلار يولدا كېتىۋېتىپ نەپەسلىرى بوغۇلۇپ يىقىلىدۇ ۋە قورساقلىرى كۆپۈپ ھالاك بولىدۇ.

بۇ چۆلدە ئىككى مىڭ ئاۋات كەنت بار. بۇلاقلىرى كۆپ، ھەر خىل دەرەخلەر ۋە مېۋىلەر ساناقسىز بولۇپ، ھېچقانداق بىكار يەر يوقتۇر. زىرائەتلىرىنىڭ تولىسى شالدۇر.

كەشمىر ۋىلايىتى ھاۋاسى ناھايىتى يېقىشلىق ياخشى جاي. ئۇ يەردە تەرتەر دېيىلىدىغان چوڭ شەھەر بار بولۇپ، پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمرانلار شۇ يەردە تۇرىدۇ. باغدادتىكى دەجلە دەرياسىدەك چوڭلۇقتىكى بىر دەريانىڭ سۈيى ئۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىمارەتلىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان.

ئۇنىڭ ئاجايىپلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئۇ يەردىكى بىر چوڭ دەريا بىرلا بۇلاقتىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ دەريانىڭ سۈيىگە 30 مىڭ كېمە كۆۋرۈكنى چېتىپ چوڭ كۆۋرۈك سالغان. بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ يەتتىسى شەھەر ئىچىدە. بۇ شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرىگە تۈرلۈك نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ھەر خىل رەڭلەر بېرىلگەن تاشلار بىلەن ناھايىتى رەڭدار زىننەتلەنگەندۇر. ئۇنىڭ چۆللىرى جەننەت كەبى ساناقسىز مېۋىلەر بىلەن توشقاندۇر. ھاۋاسى سوغۇققا مايىلراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ يەردە لىمون، نارەنجى ۋە خورما قاتارلىق دەرەخلەر بولمايدۇ، بەلكى باشقا جايلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كەشمىر ۋىلايىتى يەتتە بوستاننىڭ بىرى بولۇپ، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى بىلەن جىنلار پەيدا قىلغانىكەن. بۇ جاينىڭ ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى سەۋەبىدىن ئادەملىرى زىلۋا ۋە چىرايلىقتۇر.

## چىن مەملىكىتىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنىڭ بايانى①

مەخپىي ۋە مەۋھۇم قالمىغايكى، «مەتلەئى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى سەئىدىددىن دېگەن كىشى مىرزا شاھرۇخ باھادۇرخان بىننى ئەمىر تۆمۈرخاننىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە رىۋايەتچىلەردىن مۇنداق ھەيران قالارلىق ئاجايىپ قىسسىنى نەقىل قىلىدۇ، سەئىدىددىن مۇنداق دەيدۇ: «بىر زامانلاردا مىرزا شاھرۇخ خىتا تەرىپىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەلچىلەر ھىجرىيە تارىخىنىڭ 822 - يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 16 - كۈنى ھىراتتىن يولغا چىقىپ مەنزىل - مۇساپىلەرنى بېسىپ، 23 - يىلى (823 - يىلى) شەئبان ئېيىنىڭ 16 - كۈنى خىتا چېگراسىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا خىتا چېگراسىنىڭ ۋاجى دېيىلىدىغان ھاكىمى ئەلچىلەرگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن زىياپەت بېرىپ خىزمەتلىرىنى قىلدى. بىر ئوغۇل بالا ئالدىن ياساپ قويۇلغان ئويۇنچۇق تۇرنىنى ئېلىپ چىقىپ ئەلچىلەرگە كۆرسەتتى، تۇرنىنىڭ باشلىرىنى ئىرغاڭشىتىپ قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇردى».

ئەلچىلەر شۇ ئاينىڭ 17 - كۈنى چۆلگە كىردى، نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر قاراۋۇلخانىغا يېتىپ باردى. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار ئىكەن، ئۆتىدىغان يول قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. قاراۋۇل ئۇ يەردە ھەممە ئەلچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى پۈتۈۋالدى. ئەلچىلەر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ سوكجۇ دېگەن يەرگە كېلىشتى. ئۇ يەردە ئەلچىلەرنىڭ ھەممە يۈك - تاقلىرى خەتلىنىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلدى ۋە ئەلچىلەرگە لازىملىق ھەممە نەرسە تەقلەپ بېرىلدى. ئەلچىلەرنىڭ ھەربىرىگە ھەر كېچىدە ئايرىم كارىۋات، تەكىيە، كۆرپە ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. ئېسىل كىيىم - كېچەكلەر ئىنئام قىلىندى. يەنە ھەربىر كىشىگە بىر خىزمەتكار تەيىنلەپ بېرىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خانبالىق دېگەن شەھەرگە راۋان بولۇشتى. ئۇ پادىشاھنىڭ پايتەختى بولغان شەھەردۇر. سوكجۇدىن خانبالىق شەھىرىگىچە 990 تۇرادۇر. ھەر تۇرانىڭ ئۆيلىرى باردۇر. تۇرالارنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە قارغۇدلار باردۇر. قارغۇدلارمۇ ئۆيلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 گەز. مەزكۇر تۇرالاردا ئوندىن ئادەم تۇرۇپ كېچە - كۈندۈز قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. ۋىلايەتتە بىرەر ھادىسە بولسا، تۇرا ئۈستىگە ئوت يېقىلىدۇ. بۇ ئوتنى كۆرگەن قارغۇدنىڭ ئادەملىرىمۇ ئوت ياقىدۇ، ئۇنى كۆرگەن يەنە بىر تۇرانىڭ ئادەملىرىمۇ ئوت ياقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە تۇرا ۋە قارغۇدلار ئۈستىگە ئوت يېقىلىدۇ. بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۈچ ئايلىق يولغىچە ئوت يېقىلىدۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، چوقۇم بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپتۇ دەپ بىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ۋەقەنىڭ ئەھۋالى خەتكە پۈتۈلۈپ بىر كەدقۇدىن يەنە بىر كەدقۇغا يەتكۈزۈلىدۇ. 99 تۇرا بىر كەدقۇ بولىدۇ. كەدقۇلار 99 غا يەتكەندە بىرى كەيقۇ پىر قىلىنىدىكەن. مەزكۇر كەدقۇ دېگەن تۇرالارنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم ئۆيۋاقلىرى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ ئىشلارغا تەق بولۇپ تۇرىدىكەن. خەت كەلسە بىر كەدقۇدىن يەنە بىر كەدقۇغا يەتكۈزىدىكەن. بىر كەدقۇ بىلەن يەنە بىر كەدقۇنىڭ ئارىسىدا بىر پەرسەڭنىڭ تۆت ھەسسىسىچىلىك مىقداردا يول باردۇر. سوكجۇدىن قامجۇغىچە توققۇز يامخانە، يەنى 60 تۇرا ئۆي باردۇر. قامجۇ شەھەر بولۇپ، ئۆيلىرى باردۇر.

① ئەسلىي ئەسەردە «خىتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنىڭ بايانى» دېيىلگەن، ژۇرنىلىمىزدا تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتتۇق.

ھەربىر ئۆيدە ئەلچىلەرنى كەلتۈرۈش ۋە يولغا سېلىش ئۈچۈن 450 ئات ـ ئېشەك، قېچىر ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بىر ئۆي بار بولۇپ، چەرخى فەلەك دېيىلىدۇ. ئون بەش قەۋەت قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، ھەر قەۋىتىدە چىن مەملىكىتىنىڭ مۆقەر نەس دېگەن نەرسىسىدىن ياسالغان مەنزىرىلەر باردۇر. ئۈستىگە سەككىز بۇرجلۇق تاق (لەمپە) ياسالغاندۇر. قەۋەتلەرگە ئېسىل ھۆجرىلار ۋە ئايۋانلار سېلىنغان بولۇپ، ئىچىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ سۈرەتلەر سىزىلغاندۇر. مەزكۇر سەككىز بۇرجلۇق تاقنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز، كەڭلىكى 10 گەز كېلىدىغان بولۇپ، ھەممىسى ياغاچتىن ياسىلىپ سىرتىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەندۇر. كۆرگەن كىشىگە ھەممىسى ئالتۇندىن ياسالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئەلچىلەر ھەر كۈنى بىر تۇراغا، ھەر ھەپتىدە بىر ماقامغا يېتىپ، شەۋۋال ئېيىنىڭ تۆتى قارا مۇرەن دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىشتى، بۇ شەھەرنىڭ دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا بېرىشتى. بۇ شەھەرنىڭ ئاياللىرى ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەنىكەن. بۇ شەھەر يەنە ھۆسنئاباد دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار بۇ جايدىن ئۆتۈپ، يەنە نەچچە شەھەرلەردىن ھالقىپ شەۋۋال ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى سەيدىن دېيىلىدىغان شەھەرگە يېتىشتى. بۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇتخانىلار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىدە بىر بۇت بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى گەز كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ھەر ئەزاسىدىن بىر قول چىقىرىلىپ ھەربىر قولىغا بىر تالدىن بۇت تۇتقۇزۇلغانىكەن. چوڭ بۇتنىڭ ئەزالىرى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويالغانىكەن. چوڭ بۇت چوڭ كۈرسىدا ئولتۇرغۇزۇلغانىكەن.

ئەلچىلەر زۇلقەئدە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى سۈبھىدىن ئىلگىرى خانبالىق شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىشتى. بۇ شەھەر تۆت قات سېپىللىق ئىكەن. ھەر سېپىلنىڭ ئارىلىقى بىر پەرسەڭ كېلىدىكەن. بۇ چىن مەملىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ «خىتا» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ چېگراسىنىڭ ھەر تەرىپى 24 پەرسەڭ ئىكەن. ھەر پەرسىڭى 12 مىڭ ماڭدام ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۈچ يەردە كەدقۇ دېيىلىدىغان تۇرالار بار ئىكەن. بازارلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ پەرسەڭ بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرىدىن باشقا 33 مىڭ بوياقچى دۇكىنى بار ئىكەن. ئۇ بازاردا ھەر كۈنى تۈزغا لىچىن ئالىدىغان تامغا بېسىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ 70 تۈمەن لەشكىرى، 70 مىڭ تۈمەن پۇقراسى بار ئىكەن. مۇساپىرلار، تىجارەتچىلەر ۋە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغۇچىلاردىن باشقا، ھەر كېچىسى 40 مىڭ كىشى بۇ شەھەرگە قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن نەچچە چوڭ دەريا كېسىپ ئۆتىدىكەن. 360 يەرگە كۆۋرۈك ياسالغانىكەن. ياغاچ ۋە تۆمۈردىن قىلىنغان ھېسابسىز كېمىلەر دەريالاردا ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. شۇنچىۋالا چوڭ شەھەرنىڭ كوچا ـ بازارلىرىنىڭ ھەممىسىگە پىششىق خىش ۋە قىرىلغان تاش ياتقۇزۇلغانىكەن.

ئەلقىسسە، ئەلچىلەر شەھەرگە باشلىنىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىلدى. بارگاھ مەيدانىنىڭ 700 ماڭدام يېرىگە مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغانىكەن. ئىككى تەرىپىگە بەشتىن ئېسىل پىل توختىتىپ قويۇلغانىكەن. ئەلچىلەر پىللارنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ مېڭىلدى. تېخى تاڭ يورۇماستىنلا مەزكۇر بارگاھقا 100 مىڭ ئادەم ھازىر بولغانىكەن. ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر ناھايىتى كەڭ مەيدان بار بولۇپ، ئۇ يەردە ئېگىزلىكى 30 گەز كېلىدىغان بىر تەخت ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ئۈستىگە ئېگىز ئىمارەت ياسالغان بولۇپ، تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 50 گەز كېلىدىكەن. پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا ئۈچ دەرۋازا بار ئىكەن. يولنىڭ ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىگە دۇمباقچى ۋە ناغرا ـ سۇنايچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پادىشاھنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىكەن. پادىشاھ ھەرەمدىن چىققان ھامان

دۇمباق ۋە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىدىكەن. نەغمىچىلەر ئاۋازلىرىنى پەلەككە يەتكۈزۈشىدىكەن. يەنە 2000 ئۇرۇشقاق پالۋان قوراللىرىنى تۇتۇشۇپ پادىشاھ جانابلىرىنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىكەن.

ئەلقىسسە، تاڭ ئېتىشى بىلەن دۇمباق ۋە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىدىكى، ئۇلارنىڭ سادالىرىدىن پەلەك لەرزىگە كەلدى. ئارقىدىن مەزكۇر ئۈچ دەرۋازا ئېچىلدى ـ دە، ھەممە خالايىق بىر مەيداندىن ناھايىتى كەڭ يەنە بىر مەيدانغا كىرىشتى. ئۇ يەردە دەسلەپكىدىنمۇ چوڭ بىر راۋاق بار بولۇپ، ئېگىزلىكى تۆت گەز كېلىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە چىن مەملىكىتىنىڭ رەسساملىرى سۈمۈرغنىڭ رەسىملىرى ۋە باشقا جانىۋارلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپتۇ. تەختنىڭ ئۈستىگە بىر ئالتۇن كۇرسى قويۇلغانىكەن. تەختنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىدە چىن مەملىكىتىنىڭ قوشۇن سەركەردىلىرى سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ. دەسلەپتە تۈمەنبېشىلىرى كېلىشتى. ئارقىدىن مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار كېلىشتى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ساۋۇت كىيىشكەن، قوللىرىدا نەيزە ـ شەمشەرلەرنى تۇتۇشقان ھېسابسىز ياساۋۇللار كېلىشتى. خەلق شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، سورۇن جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. پادىشاھ ھەرىمدىن چىققاندا تۆت پۇتلۇق كۈمۈش شوتا تەختنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، پادىشاھ ئالتۇندىن ياسالغان تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. پادىشاھ ئوتتۇرا بويلۇق كىشى بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك ئۇزۇن ساقاللىرى بار ئىكەن. ساقاللىرى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىكەنكى، تەختنىڭ تۆۋەنگىچە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. تەختنىڭ ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئاي يۈزلۈك گۈزەل قىز تۇرىدىكەن. ئۇلار چاچلىرىنى باشلىرىغا گىرەلەشتۇرۇپ تۈگۈۋالغانىكەن. يۈزلىرى، بويۇنلىرى كەڭ ئىكەن. قۇلاقلىرىغا قىممەت باھالىق لەئل ـ جاۋاھىراتلارنى ئېسىۋالغانىكەن. بىلەكلىرىگە بىلەزۈكلەرنى سالغانىكەن. قوللىرىدا قەغەز ـ قەلەملەرنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر كەلىمىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ ھۆكمىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، پۈتۈلگەن مەزمۇنلار چىقىرىلىپ دىۋان ئەھلىگە يەتكۈزۈپ بېرىلسە، ئۇلار شۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىش بېجىرىدىكەن.

ئەلقىسسە، پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئورۇن ئالدى. ئەمىرلەر ۋە ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈشۈپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر ئېلىپ كېلىنىپ، پادىشاھنىڭ تەختىدىن 12 گەز يىراقلىقتا توختىتىلدى. ئارقىدىن بىر ئەمىر يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ مەلۇماتلارنى چىن خېتى بىلەن پۈتتى، ئارقىدىن چىن تىلى بويىچە ئوقۇدى. مەزمۇنى: «بۇ ئەلچىلەر شاھرۇخ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن ھۇزۇرلىرىنى تەۋەررۇك بىلىپ، تۈرلۈك شاھانە ھەدىيە ۋە سالاملارنى ئېلىپ، مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ، دەرگاھلىرىغا كەپتۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە تىلنى بىلىدىغان ھاجى مۇھەممەد يۈسۈف قازى ئىسىملىك بىر كىشى بىرقانچە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەممىڭلار بېشىڭلارنى يەرگە قويۇڭلار» دېدى. ئەلچىلەر باشلىرىنى يەرگە ئۈچ قېتىم قويغاندىن كېيىن پادىشاھ شاھرۇخنىڭ مەكتۇپىنى سۇندى. ھاجى مۇھەممەد يۈسۈف قازى ئالدىغا كېلىپ مەكتۇپنى ئېلىپ تەخت ئالدىدا تۇرغان ھەرەم خوجىسىغا بەردى. ھەرەم خوجىسى مەكتۇپنى ئېلىپ پادىشاھقا سۇندى، پادىشاھ مەكتۇپنى قوللىرىغا ئېلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن يەنە ھەرەم خوجىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەردىن يەتتە كىشى تاللىنىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پادىشاھ ئۇلاردىن پادىشاھ شاھرۇخنىڭ، شاھرۇخ پەرزەنتلىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، دەستۇرخانلار سېلىنىپ، ئېسىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر بىلەن زىياپەت بېرىلدى. تائامدىن كېيىن بىساتلىق خانىلەرگە

ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئەلقىسسە، ئەلچىلەر شەھەردە بىر ئاي تۇرۇپ ئالىي ئىنئاملار بىلەن كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن شۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ئەلچىلەر ئاتلارغا مىندۈرۈلۈپ پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بېرىلدى. تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا تەخمىنەن 30 مىڭ ئادەم بارگاھ ئەتراپىغا يىغىلدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن مەزكۇر ئۈچ دەرۋازا ئېچىلىپ، ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بەش قېتىم باش قويۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ئەلچىلەرنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى.

مۇراسىمدا قىزىقارلىق تاماشا قىلىندى. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، بىر كىشى باشلىرىنى بوسۇغىغا قويۇپ بېشىنى تۆۋەن، پۇتىنى ئۈستۈن قىلىپ ئۇخلىغان قىياپەتتە تۇرغانىدى. يېنىدا بىر قانچە نەي قويۇقلۇق ئىدى. بىر كىشى كېلىپ نەيلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇردى. ئون ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغۇل بالا كېلىپ نەيلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ نەيۋازلىق ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ نەيلەرنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە گەز ئىدى. ئۇ نەي ئۈستىدە تۇرۇپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. مۇئەللەق تۇرۇپ تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئاخىرى بالا ئۆزىنى نەي ئۈستىدىن يەرگە تاشلىدى. ئۇ قەستەن شۇنداق قىلغانىدى. خالايىق بۇنى كۆرۈپ بالىنى يىقىلدى دەپ ئويلاپ قېلىشتى. بالا نەي ئۈستىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلىغاندا، ئۇخلاپ ياتقان ئادەم چۆچۈگەن ھالدا سەكرەپ قوپۇپ بالىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى.

ئەلقىسسە، ئەلچىلەر نەچچە ئايلار تۇرغاندىن كېيىن ھىجرىيە 825 ـ يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، خانبالىق شەھىرىدىن دەسلەپتىكىدەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن چىقىپ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. نۇرغۇن مەنزىل ـ مۇساپىلەرنى باسقاندىن كېيىن ھىجرىيە 825 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى پادىشاھ شاھرۇخنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشتى.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ تاغلارنىڭ بايانى

كىرمان چېگراسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، تاشلىرى سۇندۇرۇلسا، ئارىسىدىن بەزىسى ئولتۇرغان، بەزىسى تۇرغان ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى كۆرۈنىدۇ.

بىستام دېگەن جاينىڭ مەشرىق تەرىپىدە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدە بىر تەخت باردۇر. ئۇنىڭغا نىجاسەت يۇقسا، ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ يامغۇر يېغىپ تازىلايدۇ.

يەمەن چېگراسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدە سۇلار ھەر تەرەپكە ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ سۇلار يەرگە چۈشكۈچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شەب يەمەنى سەپىد (ئاق زەمچە) شۇ تاغدىن چىقىدۇ.

تەبەرىستاندا بىر تاغ بار بولۇپ، ھورمۇز تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېرىدىن سۇ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. كىشى ئۇنىڭغا قاراپ تۈۋلىسا ئېقىشتىن دەرھال توختاپ قالىدۇ. ھەمىشە شۇ تەرزدە داۋاملىشىدۇ.

ئەندەلىس تېغىدا بىر غار بار بولۇپ، ئۇزۇن ياغاچ ئۇچىغا پىلتە يۆگىلىپ ئىچىگە تىقىلسا، ئوت

توتىشىپ چىقىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ھېچقانداق ھارارىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ئەندەلۇس تېغىدا سۇ چىقىۋاتقان ئىككى بۇلاق باردۇر. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بىر ماڭدام كېلىدۇ. بىرىنىڭ سۈيى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ھەرقانداق خام نەرسە تاشلانسا، پىشۇرالايدۇ؛ يەنە بىرىنىڭ سۈيى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، مۇز توڭلاپ تۇرىدۇ.

ھىندى دىيارىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلسىمات بىلەن ياسالغان ئىككى تۆگە باردۇر. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن سۇ چىقىپ ئىككى ئېرىق ھاسىل قىلىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ خەلقى سۇ كۆپرەك چىقارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن تۆگىنىڭ ئېغىزىنى سۇندۇرۇپ چوڭايتقانىكەن، سۇ دەرھال توختاپ قاپتۇ، سۇندۇرۇلغان پۇچۇقنى ئورنىغا چاندۇرماي چاپلاپ قويغان بولسىمۇ، سۇ يەنىلا ئاقماپتۇ.

غور دېگەن جاينىڭ چېگراسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، سۈيى ناھايىتى تۇزلۇق ھەم ئىسسىقتۇر. سۇ ئاققانسېرى ئۇلغىيىپ ئۈستەڭ ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، تاغنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتۈپ كەتسە سۈيى تاتلىق سۇغا ئۆزگىرىدۇ.

بەسرە چېگراسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئادەملىرى تاغنىڭ لېۋىنى يىغىپ ئېلىپ قويۇپ قويسا ئىسسىق شامال (بادى سەمۇم) نىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇپ گۈڭگۈرتكە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئىراق، خۇراسان ئەتراپلىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدۇ. ئۇ پارس گۈڭگۈرتى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ تاغقا يېقىن بىر جاي بار بولۇپ، ئاھالىسى باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ، پەقەت شۇ گۈڭگۈرتنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تۇرمۇشى ناھايىتى پاراۋان ئۆتىدۇ.

خۇراسان تېغىدا بىر گىياھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى شۇكى، كىشى ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۈزسە، يېگەن كىشىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يەيدۇ. يىغلاپ تۇرۇپ ئۈزسە، يېگەن كىشىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ يەيدۇ. پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ تەرگەن بولسا، يېگەن كىشىمۇ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ يەيدۇ.

بەيتۇلمۇقەددەستە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدە تاشتىن ياسالغان بىر ئۆي بار. ئەرلەر ئۇ يەرگە بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىدۇ. كېچىلىرى بارسىمۇ ئۆيئىچى خۇددى چىراغ يېقىپ قويۇلغاندەك يورۇق ۋە نۇرلۇق تۇرىدۇ.

رەي بىلەن قازۋىن شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدە ئۇششاق تاشلار بار. كىشى ئۇ تاشلارنى قولىغا ئېلىپ، قايسى رەڭدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئوتقا سالسا، تاش ئوتتىن شۇ رەڭدە بويىلىپ چىقىدۇ.

سەرەندىپ شەھىرىدە بىر تاغ بار بولۇپ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بېھىشتىن چىققاندا شۇ تاغقا چۈشكەنىكەن. ئۇنىڭ تېشىدا ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇ ئىز يامغۇر، بوران، چاقماق قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە يوقاپ كەتسە، يەنە ئاۋۋالقىدەك پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

تىبەت ۋىلايىتىدە بىر تاغ بار بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئۆتسە، نەپىسى سىقىلىپ ھالاك بولىدۇ ياكى تىلى تۇتۇلىدۇ.

مىسىر دەرياسىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئادىمىزاتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ. ھەقىقىتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

قەنتۇسە تېغىدا بىر غار بار بولۇپ، ئىچىدە بىر مېيىت بار. ئەزالىرىنىڭ ھېچبىرى ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، گويايكى ھېلى جېنى چىققان ئادەمدەك ياتىدۇ. سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

تۈركىستاندا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر غار بار. ئىچىگە ئادەم كىرسە دەرھال ئۆلۈپ قالىدۇ. سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

تۈركىستاندا بىر تاغ بار بولۇپ، ئەرەڭ تېغى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئوخشاش ئالتۇن ـ كۈمۈش تېپىلىدۇ. ھاجەتكە تۇشلۇق ئېلىنسا پايدا قىلىدۇ. ئارتۇق ئېلىش ئىرادە قىلىنسا ياكى چوڭ پارچىلىرى شەھەرگە ئېلىپ بېرىلسا، شەھەردە ۋابا، تائۇن كېسەللىكلىرى پەيدا بولۇپ، ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويۇلسا، ۋابا، تائۇن كېسەللىكلىرى يوقىلىدۇ. غېرىب ـ مۇساپىرلار ئالسا، ھېچقانداق زەرەر قىلمايدۇ.

ئۇ يەردە يەنە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۈستىدىن ھەرقانداق ئۇچارلىق ئۇچۇپ ئۆتسە، قانات ـ قۇيرۇقى كۆيۈپ دەرھال ئۆلىدۇ.

ئۇ يەردە يەنە بىر تاغ بار بولۇپ، تاشلىرى بىرى بىرىگە ئۇرۇلسا، دەرھال يامغۇر ياغىدۇ.

پەرغانە شەھىرىدە بىر تاغ بار بولۇپ، بۇ تاغنىڭ تاشلىرىنى قالىسا ئوتۇنغا ئوخشاش كۆيىدۇ.

بەسرەدە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئۆڭكۈر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن داۋاملىق ئوتنىڭ شولىسى (نۇرى) چىقىپ تۇرىدۇ. ئوت ئۇچقۇنى بىلەن ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆرۈنىدۇ. سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

ئۇ تاغدا يەنە بىر جاي بار، ئادەملەر قاتتىق ۋارقىرىسا ياكى ئۈنلۈك سۆزلىسە، قاتتىق چاقماق چىقىپ ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

يوقىرىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ تاغلار بايان قىلىندى. تۆۋەندە ئاجايىپ ـ غارايىپ تاشلار بايان قىلىنىدۇ.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ تاشلارنىڭ بايانى

مەغرىب چېگراسىدا چاشقانغا ئوخشايدىغان بىر خىل تاش ئاپىرىدە قىلىنغاندۇر. ئۇ يەرلەردە مۈشۈك يوق بولۇپ، خالايىق بۇ تاشلارنى ئېلىپ كېلىشىپ ئۆيلىرىدە مۈشۈكنىڭ ئورنىدا ساقلىشىدۇ. شۇ يەردىكى چاشقانلار بۇ تاشلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىدۇ، قاچمايدۇ. بۇ چاغدا تاش ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

تىبەت ۋىلايىتىدە غارايىپ بىر تاش بار بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا قارىسا كۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا شۇ كۈلكە بىلەن ھالاك بولىدۇ. ئەمما، شۇ يەردە مۇقىم تۇرىدىغان خەلقلەر ئۇنداق بولمايدۇ.

«ئەينۇل جار» دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە يېقىن جايدا تىكلەپ قويۇلغان بىر تاش بار بولۇپ، يىقىتىلسا شۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھەۋەسلىرى قوزغىلىپ، ئەرلەرگە بىتاقەتلىك بىلەن ئېسىلىپ، مۇناسىۋەت تەلەپ قىلىشىدۇ. تاكى تاش دەسلەپكىدەك تىكلەپ قويۇلمىغۇچە ئۇلارنىڭ شەھۋىتى پەسەيمەيدۇ.

مەلۇم بىر جايدا ئۇزۇنچاق شەكىللىك بىر تاش بار بولۇپ، تىكلەپ قويۇلغاندۇر. كىشىلەر سۇغا موھتاج بولغاندا، بۇ تاشنى يىقىتىۋەتسە يامغۇر ياغىدۇ. ئاۋۋالقىدەك تىكلەپ قويمىغۇچە يامغۇر توختىمايدۇ.

يەكساس دېگەن يەردە بىر خىل تاش بار بولۇپ، سۇغا سېلىنسا، دەرھال يامغۇر ياغىدۇ.

«ئەجائىبۇد ـ دۇنيا» (دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرى) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بىر خىل تاش بار بولۇپ، خۇددى ماگنىت تېشى تۆمۈرنى تارتقاندەك، كۆمۈشنى ئىككى گەز يىراقلىقتىن تارتىدىكەن.

بىر خىل گۆھەر بار بولۇپ، شاھى گۆھەران (گۆھەرلەر شاھى) دەپ ئاتىلىدۇ. كىشى ئۇنى ئارغامچىغا باغلاپ دەرياغا سالسا، دەريا ئىچىدىكى گۆھەرلەرنى ئۆزىگە تارتىپ چىقىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن تارتىلسا، ئۆزىگە بىرمۇنچە گۆھەرلەرنى چاپلاشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىدۇ.

تېرمىز دېگەن شەھەرنىڭ كەنتىدە بىر خىل تاش بار بولۇپ، قانداق ئەر كىشى ئۈستىدە ئۇخلىسا، ئويغانغاندىن كېيىن ئۇسسايدۇ. سۇ ئىچسە ئەرلىكى دەرھال يوقىلىدۇ.

بەلخ چۆلىدە بىر چوڭ تاش بار بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە كىشىلەر توپلىشىپ قاراپ تۇرۇشسا مەزكۇر تاش خارقىراپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلەشىشىمۇ تاشنىڭ ئاۋازىنىڭ دەستىدىن بىرى بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

ھىندىستاندا بىر تاش بار بولۇپ، قوڭغۇراققا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۇ «سەنگى ئۇقاب» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، قانداق ئادەم ئۇنى ئېغىزىغا سېلىپ تۇرۇپ دۈشمىنى بىلەن سۆزلەشسە، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ.

چىن ـ ماچىن شەھىرىدە بەزىدە ئاسماندىن تاش ياغىدۇ. ھەربىر تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىر جىڭ، يېرىم جىڭ ئەتراپىدا كېلىدۇ. شۇ كەنت خەلقى تۇرالغۇلىرىنى شۇ تاشتىن ياسايدۇ. ئاسماندىن تاش ياغقاندا ئۆيلىرىگە كىرىۋالىدۇ.

نىھاۋەند ۋىلايىتىدە ناھايىتى چوڭ بىر تاش بار، ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بىراۋنىڭ كىشىسى يوقاپ كېتىپ تېپىلمىسا ياكى كېسەلى ساقايمىسا ۋە ياكى بىرەر نەرسىسىنى ئوغرى ئالسا، شۇ تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇخلىسا، چۈشىدە ھەربىر ئىشنىڭ ئەھۋالى ئايان بولىدۇ.

مىسىر چېگراسىدا بىر خىل تاش بار بولۇپ، بۇ تاش ئاچچىقسۇغا سېلىنسا، بىئارام بولۇپ ئۆزىنى ئاچچىقسۇنىڭ تېشىغا ئاتىدۇ. ئۇ «مۇبغىزۇل ـ خەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ بۇلاقلارنىڭ بايانى

ئەزەربەيجاننىڭ كەنتىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى ناھايىتى سۈزۈك ھالەتتە ئېقىپ تۇرىدۇ. كىشىگە تاشتىن تام سېلىش زۆرۈر بولسا، كېسەكلەرنى بۇلاق ئىچىگە سالسا، تاش خىشقا ئۆزگىرىپ چىقىدۇ.

چىن ـ ماچىن شەھىرىنىڭ چېگراسىدىكى تاغ ئېتىكىدە بىر جاي بار بولۇپ، ئۇ يەرگە سۇلار يىغىلىپ تۇرىدۇ. سۈيى ئازلاپ قالغاندا، جامائەت بىر ئاتنى ئېلىپ كېلىشىپ، شۇ يەردىكى بۇلاققا سېلىپ ئەتراپىنى قورشاپ چىققىلى قويمىسا، ئاسماندا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كۆپلەپ يامغۇر ياغىدۇ. ئات بۇلاق ئىچىدىلا بولسا، يامغۇر توختىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاتنى بۇلاقتىن چىقىپ ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى ئۇششاق پارچىلاپ تاغ ئۈستىدە قويۇپ قويسا، ھاۋادىن قۇشلار كېلىپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. ھەر يىلى شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر، شۇنداق قىلمىسا، بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماي، شۇ يىلى قەھەتچىلىك بولىدۇ.

دامغان شەھىرىنىڭ كەنتىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قاچا سۇ ئېلىنىپ بۇلاق بېشىدىن

يىراقلىتىلسا، سۇ تاشقا ئۆزگىرىدۇ.

ھەزرىمەۋت ۋىلايىتىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، «مائۇل خۇمىسلار» سۈيى دېيىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، خۇمىسى بولۇپ قالىدۇ.

مەئەر ۋىلايىتىدە بىر كۆل بار بولۇپ، تاش بىلەن ياسالغاندۇر. كۆلگە يېقىن يەردە بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى كۆلگە ئېقىپ تۇرىدۇ. ھېيز كۆرگەن خوتۇنلار، جۇنۇب بولۇپ قالغان ئادەملەر كۆلنىڭ سۈيىگە قولىنى تەگكۈزسە، بۇلاقنىڭ سۈيى غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى سېسىپ قالىدۇ. تاكى شۇ سۇ چىقىرىلىپ كۆلنىڭ ئىچى تازىلانسا بۇلاق سۈيى ئاۋۋالقىدەك ئاقىدۇ.

بەيتۇلمۇقەددەس ئەتراپىدا بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئىچىگە نىجاسەت تاشلانسا، سۈيى قايناپ تېشىپ چىقىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىسا، قارىغان كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

تەمغاچ ناھىيەسىدە ئىككى بۇلاق بار بولۇپ، بىرىنىڭ سۈيى ئاچچىق؛ يەنە بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق. بۇ ئىككى خىل سۇ بىر كۆلگە يىغىلىپ، يەنە ئىككى ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بىرى ئاچچىق، يەنە بىرى تاتلىق بولۇپ، بىرى بىرىگە ھەرگىز ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

ئەندىيان دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى قاچىغا ئېلىنسا، دەرھال تاشقا ئايلىنىدۇ. بۇلاققا تۆكۈلسە، سۇزۇك سۇ ھالىتىگە قايتىدۇ.

بەدەخشاننىڭ بىر كەنتىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، بىراۋ ئۇنىڭغا كىرسە، كۈچ بىلەن تېشىغا ئاتىدۇ. بىر كىشى بۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، بىر باداڭغا 500 جىڭ بۇغداينى توشقۇزۇپ بۇلاقنىڭ ئۈستىگە تاشلىغان، بۇ چاغدا بۇلاق باداڭنى كۈچ بىلەن تېشىغا ئاتقان.

تۈركىستان چېگراسىدا ئادەم سۈرەتلىك بىر تاش بار بولۇپ، قولىنى ئېغىزىغا قويسا، ئۇ يەردە بىر – ئىككى يىلغىچە يامغۇر ياغمايدۇ. يۇرت خەلقى يىغىلىشىپ مەزكۇر تاشنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغا – زار قىلىشسا، تاش قولىنى ئېغىزىدىن تارتىدۇ. شۇ چاغدا خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشنىڭ ئېغىزىدىن ئېرىقلار ئېقىپ زىرائەتلەر، ھايۋانلار ۋە ئادەملەر سۇغا قانىدۇ.

دىيار بەكرىدە بىر تاش بار بولۇپ، ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. يېنىدا بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئادەم سۈرەتلىك تاش ئۆرە تۇرسا، بۇلاقنىڭ سۈيى ئاقىدۇ. ئەگەر تاش يىقىتىلسا، بۇلاقنىڭ سۈيى توختاپ قالىدۇ. ئەسلىي ھالىتىدە تىكلەپ قويۇلسا، بۇلاق سۈيى يەنە ئاقىدۇ.

نىشاپۇر شەھىرىدە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بۇلاق بار. بۇ بۇلاق شەھەردىن بىر پەرسەڭ يىراقلىقتا. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى شەيخ ئەبۇل قاسىم گورگانىي — ئاللا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغاي — بىر بايتال ئاتقا مىنىپ مەزكۇر بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، نامازغا مەشغۇل بولغان. بۇ چاغدا بۇلاق ئىچىدىن بىر ئايغىر ئات چىقىپ شەيخنىڭ بايتىلىغا ئېتىلغاندىن كېيىن بۇلاققا كىرىپ كەتكەن. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بايتال ئات ناھايىتى ياخشى، قامەتلىك ئاجايىپ كېلىشكەن بىر قۇلۇن قۇلۇنلىغان. شەيخ بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ۋە بايتالنى مەزكۇر ئايغىر بىلەن يەنە جۈپلەشتۈرۈش ئۈچۈن بايتالغا مىنىپ، يەنە مەزكۇر بۇلاق بېشىغا بارغان ھەمدە بايتالنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ساقلاپ ئولتۇرغان. بۇ چاغدا بۇلاقتىن ئىلگىرىكى ئايغىر يەنە چىقىپ، ئىلگىرىكى قۇلۇننى ئېلىپ بۇلاق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ چىقمىغان.

تالقىيە شەھىرىنىڭ چۆلىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، كەڭلىكى ئىككى پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا سۇ ئادەملىرى ئۇسسۇل ئويناپ ھەر خىل تاماشىلارنى قىلىدۇ. قورۇقلۇق ئادەملىرىنى كۆرسە، قېچىپ بۇلاق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، سۇ ئادەملىرى ئىچىدە ئاي يۈزلۈك، پەرى قامەتلىك چىرايلىق بىر قىز بار بولۇپ، تالقىيە شەھىرىدىكى بىر يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغان. يىگىتنىڭ

ئىشقىدا ھەر كۈنى سۇدىن چىقىپ كۆپ بېيىتلانى ئوقۇپ يىغلاپ كۈن ئۆتكۈزگەن. بىر كۈنى بۇ قىز بىر جام ئالتۇن ئېلىپ چىقىپ يىگىتكە بەرگەن. بۇ سۆز پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئالتۇنىنىڭ يېرىمىنى تارتىۋالغان. يىگىت تالقىيە شەھىرىدىن چىقىپ يەنە بىر شەھەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. مەزكۇر قىز يىگىتنىڭ ئىشقىي پىراقىدا ھەر كېچىسى سۇدىن چىقىپ، يىگىتنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ كۆپ يىغلىغان. شۇ دەرد بىلەن ئاخىر جېنىنى ھەقتائالاغا تاپشۇرغان.

قازۋىن شەھىرىدىن ئۈچ پەرسەڭ يىراقلىقتا بىر بۇلاق بار بولۇپ، يازنىڭ ئىسسىق تومۇز كۈنلىرىدىمۇ سۈيى مۇزلاپ تۇرىدۇ. شەھەردە مۇزغا ھاجەت چۈشسە شۇ بۇلاقتىن ئېلىپ كېتىشىدۇ.

بابىل شەھىرىنىڭ كەنتىدە بىر ئېرىق باردۇر. مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — خەلىپىلىك زامانىسىدا، بابىل خەلقىنىڭ جىزيە تۆلىشى بەلگىلەنگەنىدى. ئەگەر ئۇلار بەلگىلەنگەن باجنى تۆلىمىسە مەزكۇر ئېرىقنىڭ سۈيى توختاپ قالىدۇ.

ئاد (بىر قوۋم) لارنىڭ شەھىرىدە مىس ۋە تۇچلاردىن ياسالغان بىر تىلسىم مۇنار بار بولۇپ، سۇ ئاقىدىغان مەزگىل زۇلھەججە، زۇقەئىدە ۋە مۇھەررەم ئايلىرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئايلارغا توغرا كېلىپ قالسا، مۇنارنىڭ سۈيى توختاپ قالىدىكەن. يىلبويى شۇنداق بولىدىكەن.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

بابۇل ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر بۇلاق بار بولۇپ، پادىشاھ ھەر كۈنى بۇلاق بېشىغا چىقىپ دەپتەرلىرىنى يېيىپ ئولتۇرارمىش، دەۋاگەرلەر ئالدىغا كەلسە: «پۇتۇڭنى بۇلاقنىڭ سۈيىگە چىلا!» دەپ پەرمان قىلىدىكەن. دەۋا قىلغان سۆزى راست بولسا، پۇتى سۇغا چۆكمەيدىكەن؛ يالغان بولسا، چۆكۈپ كېتىدىكەن.

«تۇھفەتۇل ـ غەرايىب» (ئاجايىباتلار ھەققىدە تۆھپە) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، رەھىباش دېگەن شەھەردە بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئاسماندا بۇلۇت بار كۈنى، بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ چىقىدىكەن؛ بۇلۇت يوق كۈنى سۈيى توختاپ قالىدىكەن.

ئەنتاكىيە شەھىرىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى يەرگە سېپىلسە، ئۇ يەرگە چايانلار يىغىلىدىكەن، كىشىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چايانلارنى ئۆلتۈرىدىكەن.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ ھايۋانلارنىڭ بايانى

تىبەت ۋىلايىتىدە «ئەزھە» دېيىلىدىغان بىر ھايۋان بار بولۇپ، جاھاندا ئۇنىڭدىن چوڭ يەنە بىر ھايۋان يوقتۇر. ئۇنى ھەرقانداق ھايۋان كۆرسە قورقىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە چوڭكى، كۆزىنىڭ دائىرىسى بىر پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قالغان ئەزالىرىنىڭ چوڭلۇقى كۆزىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ پەرەز قىلىنىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەھۋالى شۇكى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ھايۋاننىڭ كۆزى چۈشسە، بۇ ھايۋان دەرھال ئۆلىدۇ. ئەگەر بۇ تاغقا ئوخشايدىغان ھايۋاننىڭ كۆزى باشقا ھايۋانلارغا ئاۋۋال چۈشسە، چوڭ ھايۋان ئۆزى ئۆلىدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

ھەبەش ۋىلايىتىدە «زىراپە» دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا، مۈڭگۈزى كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە، تېرىسى يىلپىزنىڭ بەدىنىگە، تۇۋاقلىرى كېيىكنىڭ تۇۋىقىغا ئوخشايدۇ. ئىككى قولى ئۇزۇن، ئىككى پۇتى قىسقا بولىدۇ.

مەغرىب دىيارىدا بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، ‎ئىبىر كۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ. مەسىلەن، كۈن چىققان مەھەلدە بىر بالا تۇغسا، كۈن ئولتۇرغۇچە ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ. بالىسىمۇ ئانىسىدەك ئەتىگىنى

بىر بالا تۇغۇپ كەچلىكى ئۆلۈپ قالىدۇ. ھەممىشە شۇنداق بولىدۇ.

بەزى ۋىلايەتلەردە كەركىدان دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بار. ئۇ شۇنچىلىك كۈچلۈككى، پىلنى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. ھامىلدار بولسا، بالىسى قورسىقىدا تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىنىڭ پەرجىدىن بېشىنى چىقىرىپ گىياھلارنى ئوتلاپ يۈرىدۇ. شۇ ھالەتتە مەلۇم مۇددەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ پەرجىدىن چىقىدۇ ۋە شۇ ھامان قېچىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئانىسىنىڭ زەھىرى بار بولۇپ، بالىسىغا مېھرىبانلىق قىلىپ يالىسا، بالىسى ئۆلۈپ قالىدۇ. كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى كېسىلسە، ئىچىدە ئات، كالىنىڭ سۈرىتى ئاشكارا بولىدۇ.

بەزى چۆللەردە بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، «ۋەشەق» دېيىلىدۇ. شەكلى ئادەمگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يوللاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئادەمنى كۆرۈپ قالسا، ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

سەراج خادىم مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر شەھىرىدە بىراۋنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغانىدىم، ئۆي ئىگىسى مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. مەن سىرتتا بىراۋنىڭ ‹مەن سېنىڭ بۇرادىرىڭدۇرمەن، مەنمۇ مۆمىن ـ مۇسۇلماندۇرمەن. ئەي بۇرادەر، مېنى بۇ باغلاقتىن چوقۇم قۇتۇلدۇرغىن› دەپ نالە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. سىرتقا قارىسام، بىر ئادەم پۇتىدىن ئېسىلغان ھالدا تۇرۇپتۇ. بىچارىگە رەھىمىم كەلدى ـ دە، پۇتىنى بوشىتىپ قويۇپ بەردىم. ئۆي ئىگىسى قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئاشپەزدىن: ‹ئوۋىمىز (شىكارىمىز) قېنى؟› دەپ سورىدى. ئاشپەز: ‹بۇ مېھمان قويۇپ بەردى› دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى ماڭا: ‹نېمە ئۈچۈن قويۇپ بەردىڭ؟ ئۇ نەسناس جۈملىسىدىندۇر. بىز ئۇلارنى ئوۋلاپ يەيمىز، نەسناس خەلقى سۆزى ناھايىتى ئوبدان خەلقتۇر. قەيەرگە بارسا شۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئەي بۇرادەر، ئەتە كەلگىن، نەسناس ئوۋلىغىلى بىللە چىقايلى› دېدى. مەن: ‹بولىدۇ› دەپ ياندىم. ئەتىسى نەسناس ئوۋلىغىلى چىقتۇق، ئوۋلايدىغان يەرگە بارغاندا، ئۆي ئىگىسى ئىككى ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بېرىۋىدى، نەسناس تۇتۇپ كەلدى، ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق، ناھايىتى لەززەتلىك گۆش ئىكەن».

«ئەجايىبۇد ـ دۇنيا» (دۇنيا ئاجايىبلىرى) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، چىن ـ ماچىن شەھىرى ئەتراپىدا ئادەم سۈرەتلىك بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، ئادەمگە ناھايىتى ئوخشايدىكەن، ئادەمدىن ھېچ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن. چۆللەردە دەرەختىن دەرەخكە سەكرەپ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپ ياشايدىكەن.

ھەكىم ئەرستوتالىسدىن نەقىل قىلىنىشىچە، مەغرىب قۇملۇقىدا بىر جاي بار بولۇپ، ئۇ يەردە نەسناس خۇددى گىياھلار يەردىن ئۈسۈپ چىققاندەك، يەردىن ئۈسۈپ چىقىدىكەن. بۇ خۇدايىتائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىرىدىن ئىكەن.

«تەبائىئۇل ـ ھەيۋان» (ھايۋان تەبىئەتلىرى) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، بىر خىل يىلان بار بولۇپ، تۇخۇمسىز بالا تۇغىدىكەن.

سىنجاب دېگەن شەھەرنىڭ پادىشاھى نۇھ سامانى ئۈچۈن بىر ئات ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىككى قانىتى، ئىككى پۇتى بار ئىكەن، قولى يوق ئىكەن. ئۇ ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچۇپ يۈرىدىكەن.

دىيار بەكرىدە بىر خىل تۈلكە بار بولۇپ، قانىتى بار ئىكەن. دەرەختىن دەرەخكە ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. گۆشىنى يېسە ھەرقانداق كېسەللىك شىپا تاپىدىكەن.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا، ئەجەملخان ھەبىبۇللاھاجى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

غىياسىددىن

# مىرئاتى شەرئ

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

ئەگەر خاھلاسە كىردىگارى جەھان،
ئىكى ئىيد ئەھۋالىن ئەيلەي بەيان.
رەسۇلى خۇدايى كەرىم دېدىلەر،
شەبى ئىيد ھەركىمكى بىيدار ئولەر.
ئوشۇل كۇنكى ئۇلغاي كۆڭۈللەر تەمام،
ئانى كۆڭلى بىيدار بولغاي مۇدام.
نەمازدىن بۇرۇن نەچچە سۇننەت ئېرۇر،
بىرى ئولكى ئىيدگاھغە تېزراق بارۇر.
يەنە بامدادنى ئوشۇل ئەرتەدە،
ئۆزىن مەسجىدى ھەيدە ئەتسۇن ئەدا.
يەنە سۇننەت ئولكىم پىيادە بارىپ،
زەئىف بولماسە قالە يولدا ھارىپ.
يەنە سۇننەت ئولكىم بارار يولىنى،
بۆلەك ئەيلەسۇن ھەم كېلەر يولىنى.
ئەگەر ئىيدى فىتردۇر تەئام ھەم يېسۇن،
يەنە سەدقەئى فىتر ئەدا ئەيلەسۇن.
بۇلاردىن كېيىن چىقسۇن ئول ئىيدگاھ،
نەمازىن ئوقۇپ پاك قىلسۇن گۇناھ.
ئەگەر ئىيدى قۇربان ئېرۇر تۇت سىيام،
نەماز ئوقۇغۇنچە يېمەسۇن تەئام.
رەسۇلدىن ئەبۇزەر رىۋايەت قىلۇر،
كى ھەركىم بۇ رۇزەنى مەھكەم تۇتۇر.
سەۋابى بۇدۇر ئالتمىش مىڭ يىلى،
ئىبادەت سەۋابى بولۇر ھاسىلى.
سەھابەلەر ئول كۇن نەماز ئەتكۇچە،
ئىمىزەرگە قويماس ئىدى ياش بەچە.

* *

باراردە نەمازگاھغە تەكبىرنى،
ئېرۇر ۋاجىب ئەلبەتتە ئايتماق ئانى.
يەنە ھەر نەمازدىن كېيىن بىر يولى،
دېمەك ۋاجىب ئەلبەتتە باردۇر بەلى.
ئەرەفە كۇنى بامداد باشلاڭىز،
ئېرۇر ۋاجىب ئەلبەتتە ئانى دەڭىز.
كى تا ئەسلى تەشرىق ئاخىر كۇنى،
يىگىرمە ئۈچ ئولغاي نەمازى مۇنى.
نەمازى جەمائەت ۋەيا مۇنفەرىد،
ماسافىر – مۇقىم ھەر نەمازى بەجىد.
ئېرۇر مۇڭا پەتۋا ئەسەھ ئۇشبۇ سۆز،
مۇنى تەفسىلى نەفسى «جامىئ» رەمۇز.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

*  *

ئىمامەتچىلىك ئىچرە بار كۆپ سەۋاب،
ئەدەدسىز فەزىلەت تاپار بىھىساب.
ۋەزىرى خۇدادۇر دېدىلەر ئىمام،
ئانى ھەر نەمازىغە بەرگەي مۇدام.
سەۋاب ئانچە مىڭ سىددىق ئانى تاپار،
ئىمامنى مەكانى رەسۇل جايى بار.
ئېرۇر لازىم ئولسە نەبىيغە شەبىھ،
كى بولسە ئىمام مۇتتەقىي ھەم فەقىھ.
ئەگەر بار ئىمام ئالىمى مۇتتەقىي،
كى گۇيا رەسۇلدۇر ئىمامى تەقىي.
ئىماملىققە شەرت ئولكى ئۇجب ئەتمەسە،
تەمەئ ياكى ئۇجرە تەلەب ئەتمەسە.
ۋەلې بۇ زەمان خۇب قەۋم يىغىلىپ،
ئاڭا ئۇجرە قويسە مۇقەررەر قىلىپ.
كى تا كۆڭلى تەشۋىشلىك بولماسۇن،
بۇ سۆز مۇزمەراتدىن تەلەب ئەيلەسۇن.
ئىمام بىلمەسە گەر نەماز شەرتىنى،
كى يەئنى سۇنەن ۋاجىبۇ فەرزىنى.
ئىمام بولماغى نارەۋادۇر سەرىھ،
مۇڭا باردۇ فەتۋا بۇ ھەزا سەھىھ.

*  *

ئىمام بولسە مەكرۇھ نەچچە كىشى،
نۇخۇست ئول سۇخەنچىلىك ئولسە ئىشى.
يەنە ئەبدى ئامىي، ھەززال ھەم،
يەنە كاسىبۇ فاسىقۇ دىنى كەم.
يەنە كەم مۇرۇۋۋەت، يەنە نەغمەگەر،
يەنە ھەر كىشى بوزا ياكى خەمر ئىچەر.
يەنە غايەتى تەڭ ئەتكەن كىشى،
سەفىھ ياكى بىدئەتلىك ئولسە ئىشى.
يەنە نەردباز بىرلە شەترەنجباز،
يەنە شاشەسى تەڭ قىلغان نەماز.
دۇرۇغ ياكى دۇشنام ئالسە تىلە،
ۋە ياكى ياشى يەتسە يەتمىش يىلە.
يەنە ئەمرۇ ھەم بەرس ھەم خاتۇن،
يەنە ئول ئىمام قەۋمىدۇر كارھۇن.
بەيابانىيۇ ھەم ھەرامى ئېرۇر،
ئىمامەت بۇ مەجمۇئغە مەكرۇھدۇر.

*  *

كەل، ئەي مۇئمىنى سادىقى خۇردەدان،
بۇ باغ ئىچرە قۇرئاندىن ئەيلەي بەيان.
سەۋابىكى قۇرئان ئوقۇماقدە بار،
ئەگەر مىڭ كىشى مىڭۇ يۈز يىل تاپار.
ئەدا بولماس ئەمما بەمىقدار فەھم،
بەيان ئەيلەمەك بولدى ناچار فەھم.
سىپىھرى رىسالەتدە ماھى تەمام،
كى يەئنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام.
دېدىلەر بۇ قۇرئاننى ھەبلى مەتىن،
دېدى مۇجتەھىدلەر ئانى مەئنىسىن.
كى يەئنى كىشى شۇغلى قۇرئان ئېتەر،
ئۆزىن ۋاسىلى قۇربى رەھمان ئېتەر.
يولىكىم ئېرۇر راست ھەق سارىغە،
بۇ قۇرئان ئانى كۆرسەتۇر قارىيغە.
ئاڭا شۇغل ئەتمەك سەئادەت ئېرۇر،
ئانى تەرك ئەتمەك شەقاۋەت ئېرۇر.
كى بارىي سەھابە مەئازى جەبەل،
دېدىكىم ئېشتتىم رەسۇلى ئەجەل:
دېدىلەر قايۇ شۇغلى قۇرئان قىلۇر،
خۇدايىم قىيامەتتە فەرمان قىلۇر:
كى ئول بەندەئى خاسىمى كەلتۇرۇڭ،
ئاڭا ئىززۇ ئىكرام ئەيلەپ تۇرۇڭ.
باشىغە قويار تاج، ئول تاج ئەگەر
جەھانغە چىقار لەيلەتۇد ـ داج ئەگەر.
بۇلار شەرقدىن غەرب ئانداغ بەنۇر،
دېگەي گۇيىيا شەمس قىلدى زۇھۇر.
ھەم ئول تاجغە يەتتىمىش گۇشە بار،

بەھەر گۈشە بىر لۈئلۈئى شاھۋار،
كى ئول لۈئلۈئ ئولغاي بەنەھجى مۇنىر،
تەمامى جەھام بولغۇسى مۇستەنىر.
ئېرۇر نەقل ئول كانى تەھقىقدىن،
كى يەئنى ئەبابەكر سىددىقدىن.
كىشى بىر يولى قىلسە خەتمى كەلام،
خۇدانى رىزاسى ئۈچۈن ئىھتىمام.
بېرۇر ھەر بىرى ھەرفىغە ھەق تەئال،
بىھىشت ئېچرە بىر كۆشكى ئالىي مىسال.
ۋە لېكىن قىرائەتنى قەست ئەيلەگەن،
ئوقۇماق كېرەك ۋەقفى تەجۋىد ئىلەن.
يەنە قەلبۇ تەفھىمۇ تەشدىدنى،
ھەم ئىدغام ھەم قەسرۇ تەجدىدنى.
بىلىپ ھەرفلەر مەخرەجىنى تەمام،
ھۇرۇفلار سىفاتىنى تەرتىلى تام.
بۇلارنى كىشى بىلمەيىن گەر ئوقۇر،
خۇدانە گۇناھكار ئاسىي بولۇر.
بۇ تەجۋىدلەرنى بىلمەي ئوقۇماڭىز،
قىلىپ مۇستەھەب، تەركى فەرز ئەتمەڭىز.
ئىلاھا، خۇدايا، كەلامىڭ ھەقى،
خۇداۋەندى خەللاق نامىڭ ھەقى.
قىيامەت كۈنى جۇملە شەرمەندەنى،
گۇنەھ بەھرىغە غەرق ئولان بەندەنى؛
خۇسۇسەن غىياسىددىنى پۇر گۇناھ،
گۇنەھ بىرلە ئۆمرىنى قىلغان تەباھ؛
گۇنەھلەرىنى ئەفۋ ئېتىپ، رەھمەت ئەت،
بارىمىزنى شايەستەئى جەننەت ئەت.

* *

يەنە فەرزدۇر رۇزا تۇتماق بىر ئاي،
ھەمە بەندەسىغە بۇيۇردى خۇداي.
ئېتىڭ ئانى ئىخلاس بىرلەن ئەدا،
ئېرۇر ئەجر كۆرمەك جەمالى خۇدا.
رەسۇل-ئايەتلار رۇزەنى ھىكمەتىن،
سەۋابىيۇ ھۆكمىيۇ خاسىيەتىن.
خۇدا چۇنكى بار بەندەگە مىھرىبان،
بىلەر ئېردى ئىلمى قەدىمى بىلەن.
كى يوق بىزدە دەۋزەخ ئەزابىغە تاب،
ئاڭا تاقەت ئەتمەس نە شەيخۇ نە شاب.
بۇيۇردى رىيازەتنى تارتماق بىر ئاي،
بولۇپ ئاچ ھەم تەشناۋۇ جانگۇزاي.
بۇ بىر ئاي رىيازەت بىلەن رەستىگار
ئېتەر دەۋزەخىيدىن بىزى كىردىگار.
رەسۇلى خۇدا دېدىلەر: كۆپ كىشى
بىر ئاي رۇزە تۇتماغلىغ ئولغاي ئىشى،
ۋە لېكىن ئاڭا ھېچ بەرمەيدى ھەق،
سەۋابى بەجۇز ئاچۇ تەشنا قاماق.
كى يەئنى سۇخەنچىن ۋەيا فەھش دەر،
ۋەيا غەيبەت ئەيلەپ ھەرام گوشت يەر.
ۋەيا خەلقنى سىبى دۇشنام ئېتەر،
ۋەيا كىزب ئىلە خەلقنى بۇلغاتەر.
بەس ئولدۇر مۇسۇلمانكى سايىم بولۇپ،
خۇداسىنى ئەمرىگە قايىم بولۇپ.
مۇبارەك بۇ ئاينى غەنىيمەت بىلىپ،
سەھەرلەر تۇرۇپ زىكرى تائەت قىلىپ.
گۇنەھدىن ئۆزىنى مۇبەررا قىلىپ،
يامان قەۋللەردىن تەبەررا قىلىپ.
قىلىپ تەۋبە زەنبۇ خەتىياتدىن،
يانىپ ھەققە ھەر سەھۋى زىللاتدىن.
گۇنەھدىن ئۆزىنى خەلاس ئەيلەبان،
تەنەززۇھ مەقامىدە خاس ئەيلەبان.
ئەگەر مۇنداغ ئولسە شۇ يىلغى گۇناھ،
قىلۇر ئەفۋ ئۆز لۇتفى بىلەن ئىلاھ.
بىرەر خەير بول ئايدە تاپسە سۇدۇر،
بۆلەك ئاينى قىرقىدىن ئەۋلا بولۇر.
كىتابلاردا بۇ سۆز بىتىكلىگ تولە،
بۇ ئايدە كىشى بولسە تەۋفىق ئىلە.
بۇل ئاينى شەرافەتلەرى بۇدۇرۇر،
ھەمە ئاي بەتەۋفىق تائەت بولۇر.

* *

زەكات هەم ئېرۇر جۇملەگە فەرزى ئەين،
ئېرۇر ئەغنىيالارنى بوينىغە دەين.
قايۇ ئەغنىيا ئانى قىلماس ئەدا،
ئىشتكىل ئەزابىنى رۇزى جەزا.
پۇلىكىم زەكاتىن ئەدا ئەتمەگەن،
بولۇر هەر بىرى فىل ياڭلىغ يىلان.
بېلىدىن قويى چىرمىغان بوينىغە،
سوقۇپ باشىنى دەمبەدەم قوينىغە.
چىقار هەر زەمان هەر يولىكىم چاقار،
فىغان بىرلە فەريادى يۈز يىل چىقار.
بۇ تەرز ئۇل يىلان ئارقەسىدىن ئۇرۇپ،
ئەجەب قولۇ باشىنى چايناپ سورۇپ.
ئالىبان بارىپ دەۋزەخ ئىچرە كىرەر،
ئەزابى ئەلىم بولغۇسى بەرقەرار.
يەنە جۇملە تەڭگەۋۇ تىللاسىنى،
قىزىل ئوت قىلىپ سۇدۇ هۇمراسىنى.
باسارلار ئانى چەككەۋۇ يانىغە،
ئېتەرلەر ئەزابى ئەلىم جانىغە.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى جەهان،
مۇسۇلمان ئەمەستۇر زەكات بەرمەگەن.
زەكاتلىك پۇلۇ مال قىلغاي نەما،
ئاڭا خەير بەركەتنى بەرگەي خۇدا.
قاراقچىيۇ ئوغرى ئانى ئالمىغاي،
ئالىپ زالىمى يا تۇشۇپ قالمىغاي.
يەنە مالنى پاك تاهىر ئېتەر،
نەكىم چىركەنەت شۇبهە بولسە كېتەر.

* *

ئېرۇر سەدقەئى، فىتر ۋاجىب يەقىن،
هىيت كۈنى لازىم ئەدا ئەتمەكىن.
«فەتاۋى سىراجىي»دە مەكتۇبدۇر،
بۇ بەرمەقدە ئۈچ خاسىيەت خۇبدۇر.
بىرى شولكى كۆرمەس ئەزابى قەبۇر،
دۇچار ئولماغاي كۆزەرە شەررى شور.
يەنە سەۋمى بولغاي قەبۇلى خۇدا،
بۇلار جان قاتىغ ئۈزماغىدىن جۇدا.
يەنە ئەزهىيە ۋاجىبى شەرئىدۇر،
ئانى ئەتمەكى بىزگە لازىم ئېرۇر.
بىتىكلىگ «فەتاۋايى مەسئۇد» ئارا،
كى ئايدى نەچە سۆز ئەلى مۇرتەزا:
ئىشىتتىم رەسۇلى خۇدادىن يەقىن،
كىشى چىقسە بازار سارى ئۆيىدىن.
شۇ نىيەتدەكىم ئالسە بىر جاندار،
بىرۇر هەر قۇدۇمى ئۈچۈن كىردىگار.
سەۋابى ئونۇ مەهۇ ئېتەر ئون گۇناھ،
يەنە رۇتبەسىن ئالىي ئەتكەي ئىلاھ.
شەراسىدە هەر قانچە سۆز دېسە كۆپ،
بولۇر جۇملە ئەسبابى رەفئى زۇنۇپ.
چۇ پۇلنى ئېتەر نەقد بەرمەق ئۈچۈن،
ئوشۇل جاندار قولغا ئالماق ئۈچۈن.
ئانى هەر بىرى تەڭگەسىغە خۇداي
بىرۇر يەتتى يۈزمىڭ ئەۋەزنى بەجاي.
چۇ سويماق ئۈچۈن يەر ئۈزە ياتقۇزار،
ئۇ يەر تۇفراغى يەتتى قاتكە يازار.
تىلەرلەر خۇدادىن سەۋابىن ئانى،
كى رەهم ئەيلە هالى تەباهىن ئانى.
چۇ زەبھ ئەتسەۋۇ قانى بولسە رەۋان،
كى هەر قەترەسىدىن خۇدايى جەهان.
بىنا ئەيلەگەي يۈز مەلەك باسەفا،
زىيالىقدە چۇن تائەتى بىريا.
تىلەرلەر خۇدادىن گۇناهىن تەمام،
قىيامەتغەچە ئۇل مەلايىك مۇدام.
چۇ ئاش ئەتتى هەر لۇقمە هەركىم يېدى،
سەۋابىن پەيەمبەر بەيان ئەيلەدى.
كى ئىسمائىل ئەۋلادى سەككىز كىشى،
چۇ كۇففار ئالارنى ئەسىر ئەتمىشى.
ئالىپ ئول سەككىزلەرنى ئازاد ئېتىپ،
مۇسۇلمان ئېلى كۆڭلىنى شاد ئېتىپ.

بەھەر لوقماغە مۇنچە تاپقاي سەۋاب،
قىلىلىڭ، ئەي بەرادەر، بۇ ئىشكە شىتاب.
سۆيار ۋەقتىدە ئەھل ئەۋلادىنى،
ھوزۇر ئەيلەسۇن ئەبدۇ ئازادىنى.
كى ئۇل قانى يەرگە ئاقغان زەمان،
نەكىم ئالدىدە بولسە پىرۇ جەۋان.
خۇدا مەغفىرەت ئەيلەگەي بارىسىن،
ئېرۇر خاتۇن ياشۇ ھەم قارىسىن.
قايۇ ھەۋلىكىم ئاندە قۇربان بولۇر،
تۇلا بەركەتۇ خەير ـ ئېھسان بولۇر.
ئۇشۇل ھەۋلىدە ھەر كۇلۇخ تاشكى بار،
خۇدايىغە ئەرز ئەتكەي: ئەي كىردىگار.
بۇكىم بىزنى قۇربان ئېتىپ قىلدى شاد،
سەن ئىككى جەھان ئاڭا بەرگىل مۇراد.
ئەگەر قىلماسە قۇدرەتى بار تۇرۇپ،
دۇئا ئەيلەگەي كىسەكۇ تاشۇ چۆپ.
كى بەرمە ئاڭا خەيردىن، يا ھەبىب،
كى ئەتتى بىزى خەيردىن بىنەسىب.
نە جانداركى ھەر بەندە قۇربان ئېتەر،
قىيامەتدە ھەق ئەمرۇ پەرمان ئېتەر.
بۇ ئادەمنى ئارقاغە ئالىپ ئۆتەر،
سىرات كۆپرۇكىدىن كۆتەرىپ ئۆتەر.
كېرەك خۇب قۇربە زەھايا ئېرۇر،
نېچۇككىم سىراتدە مەتايا ئېرۇر.
قايۇكىم بۇ قۇربانغە قادىر ئەمەس،
ۋەلې بۇل سەۋابلارنى ئەيلەر ھەۋەس.
ئاڭا لازىم ئۇلكىم نەمازگە بارىپ،
ئوقۇپ ئىيد نەمازىنى كەلسۇن يانىپ.
ئالىپ تىرناغىن، پەست ئېتىپ مۇيى لەب،
يەنە زىرىنافىنى ھەم تازەلەپ.
بۇلاردىن كېيىن ئىكى رەكئەت نەماز
ئوقۇسۇن خۇدايىغە ئەيلەپ نىياز.
ئىكەۋىدە ھەم فاتىھەدىن كېيىن،
ئوقۇر بەش يولى سۇرەئى كەۋسەرىن.
سەلامدىن كېيىن باش قويۇپ يەرگە دەر،
كى سەن ماڭا قۇربان نەمازىنى بەر.
بۇ ئەتكەنگە ئۇل لەھزە پەرۋەردىگار،
سەۋابى ئىكى مىلك زەھايا بېرەر.

* * *

رەسۇل ئايدىلار: ئىككى رەكئەت نەماز،
ئېتەر ئۇممەتىم سەللە بىرلەن نەماز.
بۇ ئەفزەلدۇ يەتمىش نەمازىكى ئۇل،
باشى ئۇزرە بىسەللە ئوقۇر دېگۇل.
ئەنەس دېدى: ئايدى رەسۇلى خۇدا،
كىم ئەتسە نەماز سەللە بىرلەن ئەدا.
ئانى بىر نەمازىغە ئۇن مىڭ سەۋاب،
بېرەدۇر مۇقەررەر بەرۇزى ھىساب.
ئانى ھەر قايۇ دەۋرغە تاڭلا كۇن،
بېرۇر نۇر بىر ـ بىردىن ئۇلغاي فۇزۇن.
ئامامە ئېرۇر سۇرەتى ئەنبىيا،
ئانى ئەتتىلەر جۇملەئى ئەۋلىيا.
ئۆزى سۇننەتۇ بار ھەم ئۇن سۇننەتى،
بەيان ئەيلەيىن سال قۇلاق، ئەي فەتى.
بىرى كەتتا يولسۇنكى بولغاي كەفەن،
ساۋۇق بىرلە ئىسسىغنى ھەم دەفئ ئېتەن.
بىرى بۇل ئۇراسۇن تاھارەت بىلە،
بىرى ئاق بولسۇن نەزافەت بىلە.
ئۇراسۇن يەنە قىبلەغە رۇ بەرۇ،
دۇرۇد ھەم دېسۇن دەۋرىدە ھەر قايۇ.
بۇزاردە يەنە ئەقدۇ ئەقدىن بۇزۇپ،
بۇ ھەم سۇننەت ئېرمىش رىۋاياتى كۆپ.
بار ئېردى پەيەمبەرنى دەستارلارى،
مىيان ھەفتە كۇنلەردە يەتتى قارى.
ئەگەر بولسە جۇمئەۋۇ يا ئىككى ئىيد،
ئۇن ئىككى قارى ئۇرار ئېردى سەفىد.
ئىدى ئالتى قەبزە ئانى ھەر گەزى،
بۇدۇر مۇئتەبەر كۆپ كىتابلار سۆزى.
ئەگەر يەتتى گەزدىن ئېرۇر سەللە كەم،
بەجا كەلمەغەي سۇننەت، ئەي باكەرەم.

ئەگەر باغلاسە باشىغە فۇتەنى
نەماز ۋەقتى، بىدئەت دېدىلەر ئانى.
بولۇر مۇستەدى ئەت جەھەننەم ئارا،
مۇسۇلمان كىشى قىلماغاي مۇتلەقا.
يەنە فەشنى دەستارنى ئاستىدىن،
بۇ سۈننەت ئېرۇر قويماقى بىل يەقىن.
يەنە ھەر قايۇ دەۋرى دېسۇن دۇرۇد،
قاراسۇن سوڭ ئايىنۇ سۇۋغە زۇد.
ئوراسۇن تۇرۇپ ئورنىدىن راست قەد،
ئوتۇرۇپ ئۇرار غەم كۆرەر بىئەدەد.
ئەلىيى ۋەلى ھەزرەت ئىبنى ئەمى،
كۇنى ئېردى يەتتى ئاڭا كۆپ غەمى.
دېدى ماڭا بۇ غەم نېدىن قويدى يۈز،
قوي ئورتاسىدىن ئۆتمەپ ئېردىم ھەنۇز.
تۇرۇپ راست كىيمەپ ئىدىم مەن ئەزەر،
يوق ئېردى ئازەر كەفشىم ئۇززە تۇشەر.
تەراشەئى قەلەم خار قىلماپ ئىدىم،
ئوتۇرۇپ ئەمامە ئوراماپ ئىدىم.
بۇ سۆزدىن چىقاركىم بۇلار جۇملەسى،
ئەگەر قىلسە غەمگە سەبەب بولغۇسى.
مەگەركىم ئەزىم شەئن بولسە كىشى،
ئەگەر تۇرسە ئول تۇرگەي كۆپ كىشى.
بۇدەم ئولتۇرۇپ ئورەسە خۇبدۇرۇر،
كى تۇرسە بولەكلەرگە تەسدىھ بولۇر.
بۇ سۆز بار «فەۋايىد جەلالىي» ئارا،
بۇلارغە مېنىڭ [جانىم] ئولسۇن فىدا.

* *

مۇئەككەدە سۈننەت ئېرۇر فەش ئۆزى،
بۇدۇر «تۇھفە» بىرلەن «خۇلاسە» سۆزى.
«خەزانەدە» فەش ئالتى ئەنۋائىدۇر،
كى قازىغە ئوتۇز بەش ئەسبەئىدۇر.
ئەگەر ئالىم ئولسە يىگىرمە يەتى،
خەتىبغە يىگىرمە بىر ئەسبەئ دېدى.

ئەگەر تالىبى ئىلم ئون يەتتىدۇر،
ئەگەر ئامىيدۇر يەتتى كافىي ئېرۇر.
ئەگەر سۇفىيدۇر تۆرت ئەسبەئ فەشى،
كىتابنى كۆپى ئۇشبۇ سۆز دېمىشى.
ۋەلى نەفس تەرغىبدە مۇتلەق ئېرۇر،
ئەسەھ ئولكى مەقئەتگە يەتمىش دەيۇر.
يەنە فەشنى قويسۇن ئىكى كىتف ئارا،
كى يەئنى بەس پۇشتى قويسۇن رەۋا.
ۋە لېكىن «فەتاۋايى سۇفىي» ئارا،
يانا باردۇ «فىرۇز شاھىي» ئارا.
كى قويسۇن فەشىن سىنەئى چەپ ئۇزە،
ئىكەۋدە قىلىپ ئىتتىفاق بۇ سۆزە.
يىغاردە فەش ئوڭ قول بىلە مۇستەھەب،
ئوتۇرغاندە فەش قويماغىدۇر ئەدەب.
ئوتۇرگەندە بىر يەردە فەش يىغماسۇن،
يۇرۇگەندە ھەريان قويۇپ يۇرمەسۇن.

* *

مۇسۇلمانلارە مۇيى لەب ئالماغىن،
رەسۇلى جەھان سۈننەتىدۇر يەقىن.
ئانى پەست قىلماغى سۈننەت ئېرۇر،
ئۇزۇن قويماغى ئانى بىدئەت ئېرۇر.
كىشى پەست ئېتەر مۇيى لەبنى ئەگەر،
بەھەر تازە مۇيى سەۋابى بىتەر.
ئېرۇر ھەلقە قىلماقى بىدئەت ئانى،
ئېرۇر قەسىر قىلماقى سۈننەت ئانى.
«سىرات مۇستەقىم»دە ئانى ھەلقەنى،
دېدى بىدئەتۇ فىئل دۇنۇ دەنىي.
ئېرۇر قەسرى مىئيارى مەھتاردە،
كى زاھىر بولۇپ تۇرسە تەرفى شەفە.
ۋە لېكىن بۇ مۇ لەبنى ئىككى يانى،
ئاتىنى سەبالىيە دەرلەر ئانى.
قويۇپ ئېردىلەر ئانى ھەزرەت ئۇمەر،
بۇ سۈننەتنى بىزگە ئالار قويدىلەر.

قويىغى لەبىنى تېگىدە ئىدى،
ئاتى ئەنفەقە قويماق ئەفزەل دېدى.

* *

ئېرۇر ساچنى ئالماق نەبىي سۈننەتى،
كىشى ساچ قويار بار ئېرۇر بىدئەتى.
ئەگەر قويسە كاكۇل سەغىرۇ كەبىر،
ئېرۇر بىدئەتۇ بار گۇناھى كەسىر.
خاتۇنلاركى ساچىنى پەيۋەند ئېتەر،
بۆلەك كىشىنى ساچىنى بەند ئېتەر.
بۇلادۇر خۇدا لەئنەتى ئىچرە غەرق،
ئاياغدىن گۇنەھغە تولار تا بەفەرق.
ئەگەر ئۆز ساچىدىن تۆكۈلگەن ئېسە،
ئانى باز ئۆز ساچىگە ئۇلاسە.
ۋەيا غەيرى ساچ پەشم ئىچكىيۇ قوي،
ئۇلاسە ئېرۇر جايىز، ئەي نىك خوي.
قويار بەئزى ئەركەك ھالا ساچىنى،
ئاتىن سۇفى دېۋانە قويۇپ ئانى.
ئېرۇر بىدئەتۇ مەھزى تەركى سۈنەن،
مۇنى ئەتمەسۇن ھېچ مۇئمىن دېگەن.
ئەدەبدۇركى ھەر جۈمئە كۈن بىر كەرەت،
كى ساچىن ئالىپ بولسە مۇئمىن سىفەت.
بۇ سۆزدۇر «قەنىيە» ئىچىدە بەيان،
ۋەلې «دۇررى مۇختار» ئارا بار ئەيان.
كى ھەر جۈمئە ئالماقى ۋاجىب ئېرۇر،
ئەگەر ئۆسسە ساچ نەفسى كاھىل بولۇر.
دېدى «زاھىدىي»دە ئېرۇر مۇستەھەب،
كى بىر جۈمئە پەست ئەيلەسە مۇيى لەب.
يەنە تىرناق ئالسۇن، يەنە زىرناق،
تەنىن پاك قىلسۇن بۇ سۆز بىخىلاق.
تەگى ناف ھۆكمى شەرىئەتدە بۇل،
كى خاتۇن كىشى يۇلۇپ ئالسۇن دېگۈل.
رۇجۇل بولسە ئالسۇن تەراشىدەلەب،
يەنە باشلاماق نافدىن مۇستەھەب.
تەراشىدە قىلسۇن زەكەر گەردىنى،
بۇ ياڭلىغ كىتابلاردە ئايدى مۇنى.
يەنە مۇستەھەب ئىككى قولتۇق تۈكىن،
يۇلۇپ ئالسە ھەم رەۋشەن ئولغاي كۆزىن.
بۇلارنى يىراق ئەيلەمەك ھەفتەدە،
ئېرۇر مۇستەھەب ھەم ئېرۇر فايدە.
ئەگەر ھەفتەدە بولماسە، ئون بەش
كۈندە مۇنى ئالماقى خۇب ئىمىش.
ئاخىرى ئېرۇر قىرىق كۈن ئىنتىھا،
بۇ قىرىق كۈندە ئەلبەتتە ئەيلەڭ ئەدا.
ئەگەر ئۆتسە قىرىقدىن كەراھەت ئېرۇر،
ۋەئىد باردۇر ئاڭا قەباھەت ئېرۇر.

* *

ئۇزۇن بولسە تىرناق ئولۇر رىزق تەڭ،
نە كۈن ئالسە جايىز ئېرۇر بىدەرەڭ.
ۋەلې قازىخان قۇتبى ۋەقتى ئىدى،
«فەتاۋا» كىتابىدە بۇل سۆز دېدى.
كى ھەركىم ئالار تىرناقىن جۈمئە كۈن،
يەنە جۈمئە كەلگۈنچە، ئەي زۇفۇنۇن.
خەلاس ئولغۇسى يەتمىش ئەمرازدىن،
يەنە يەتمىش ئەنۋائى دەردۇ ئەنىن.
رەسۇلى خۇدا سەييىدى ئىنسۇ جان،
دېدىلەر مېنى ئۇممەتىم بىگۇمان.
ئەگەر پەنجشەنبە كۈنى ئەسرىدىن
كېيىن دائىما ئالدۇرۇر تىرناغىن؛
كۆزى ئاغرىماس بولماغاي ھەم جۇزام،
بەرەس ھەم جۇنۇندىن قۇتۇلغاي تەمام.
فەقىرلىك يەنە كەلمەگەي ھېچ گاھ،
بۇ ئېرمىش ھەدىسى رەسۇلى ئىلاھ.
ۋە لېكىن «فەقىھىكى مەسئۇد» ئىدى،
رەسۇلدىن كىتابىدە بۇ سۆز دېدى.
كىشى ئالسە شەنبە كۈنى تىرناغىن،
چىقار دەرد بولغاي سەلامەت قەرىن.

ئەگەر ئالسە يەكشەنبە، بولغاي غەنىي،
قۇتۇلگەي فەقىرلىكدىن ئاخىر تەنى.
كىشى ئالسە دۈشەنبە، كەتكەي جۇنۇن،
كېلەر ئافىيەت، ئەقلى بولغاي فۇزۇن.
كىشى ئالسە سىشەنبە، بولماس بەرەس،
سىھەت يۈز قويار ئاڭا، كەلمەس بەرەس.
كېتەر خەۋف، ئەگەر ئالسە چەھارشەنبەدە،
جۇزام بولماغاي ئالسە پەنجشەنبەدە.
ئەگەر جۇمئەدە ئالسە كەتكەي گۇناھ،
ئېتەر مەغفىرەت ئانى رەببى ئىلاھ.

* *

تەرتىقىيكى تىرناق ئالاردە ئېرۇر،
ئانى ئىبتىدا ئوڭ قولدىن قىلۇر.
ئانى باشلا يەئنى مۇسەببىھەدىن،
كى خەتمىنى ئەبھامە ئەتسۇن بارىن.
چەپىن ئەتسە ئەبھامەدىن ئىبتىدا،
ئېتىپ خەتم خەنسەرغە قويسۇن ھەلا.
ئاياغ باشلاسۇن خەنسەرى ئوڭدىن،
تەمام خەنسەرى چەپغە ئەتسۇن بارىن.
بۇ سۆزنى قىلىپ شەمس مۇھەممەد بەياد،
دېدى زىينەت ئىچرە مۇڭا ئىئتىماد.
يەنە ئالسۇن ئەۋۋەل قولۇ سوڭرە پاي،
ۋەلې تىش بىلەن ئالسە بولغاي گەداي.
يەنە پەسسە بولغاي فەقىرۇ دەنى،
بەزىنھار تىش بىرلەن ئۈزمەك ئانى.
ئەگەر ئالسە مىقراز بىرلەن شىفا،
تەنىغە كېلىپ دەۋر بولغاي دەۋا.
يەنە بورنى ئىچىدە مۈيىكى بار،
ئانى ئۈزمەسۇن، ۋەرنەكىم يەل تۈشەر.
فەنەكبىننى ئۈزمەقىنى دېدىلەر،
ئېرۇر بىدئەتى زاھىر، ئەي بىخەبەر.
فەنەكبىن ئىكى جانىبى ئەنفەقە،
بۇ سۆزنى ئىمام دېدىلەر «ئىھيا»دە.
قويى لەبنى ئاستىدە بىر تۇدە مۈي،
ئانى ئاتىدۇر ئەنفەقە، ئەي نېكۇي.
ساقال گەر ئۇزۇن بولسە بىر قەبزەدىن،
دېدىن بەئزى قەبز ئەتمەكىن سۇننەتىن.
ۋە لېكىن ئېرۇر «تۇھفە» ئىچرە سەرىھ،
كى ئۆز ھالىغە قويماغىدۇر سەھىھ.
نەكىم ئادەمىيدىن بولادۇر جۇدا،
ئانى دەفن بىرگە بۇيۇردى خۇدا.
چۇنانچە ساچۇ تىرناقۇ قەلفەنى،
تىشى ھەم خاتۇن ئالىشى جۇملەنى.
ئەگەر تاشلاسە پاك يەر باك ئەمەس،
نىجاسەتغە تاشلار گۇنەھ كار كەس.
رۇجۇلغە ئېرۇر ئۈچ لىباس مۇستەھەب،
قەمىسۇ ئەمامە، ئەزەردۇر ئەدەب.
ۋەلې بار «خۇلاسە»دەكىم بىر ئەزەر،
بىلە ئۇقۇسە بىكاراھەت بولەر.
بىر ئىشتانۇ بىر كۇرتە ئىچرە نەماز،
ئوقۇسە كەراھەت ۋەلې بار چۇ ئاز.
خاتۇنلارغە ھەم ئۈچ لىباسدۇر سۇنەن،
كېرەككى مۇنى بىلسەلەر بارچە زەن.
سەراۋىلله كەيۇ ھەم كۇرتەدۇر،
سەراۋىل بارچەغە سۇننەت ئېرۇر.
لىباس بويى سۇننەت ئاشۇق ئۇستىنە،
يېڭىنى ئۇزۇنلۇقى قول ئۇچىنە.
ئېتەكى تۈشەر بولسە تەھتى كەئاب،
ھەرامدۇر قىيامەتدە كۆرگەي ئەزاب.
سەراۋىل كىيمەك كېرەك فەۋق كەئب،
قويى تۈشسە كۆرگەي ئەزابىنى سەئب.
خاتۇنلار ئەزەرىن ئاياغى پۈتىن،
تۈشۈرسۇنكى ياپسۇن تەمامى ئەتىن.
ئېرۇر سۇفىي سۇننەت سەفەر ۋەقتىدە،
ۋەلې باردۇ بىدئەت ھەزەر ۋەقتىدە.
لىباسىيكى ئارقاق ئۇرۇشدۇر ئىپەك،
ھەرام كىيمەك ئەركەككە بىرەيبۇ شەك.
بەدەنغە ھەرىر تەگسە يا تەگمەسۇن،
ھەرامدۇر مۇسۇلمان كىشى كىيمەسۇن.

ئىپەك بولسە ئارقاڭ ئۇرۇشى ئىپ،
بۇ ھەم بار ھەرامدۇر، مۇنى ئال بىلىپ.
ئەگەر ئىپدۇر ئارقاقى ئۇرۇش ئىپەك،
ھەلال باردۇ ئەركەككە لەبىس ئەيلەمەك.
ئۇرۇش ۋەقتى گەر كىيسە ئەركەك بەجۇز،
زەرۇرەت ئېرۇر دېدى «جامىئ» رەمۇز.
ۋەلې سالسە ئەركەك تەكىيگە ئانى،
ۋەيا ياستۇق ئەتسە باشىگە ئانى.
ھەلالدۇر دېدى مۇجتەھىدلەر مۇنى،
«فەتاۋايى سۇفىي»دە ئايتار مۇنى.
ھەرىر بار خاتۇنلارغە كىيمەك ھەلال،
ئالارغە ھەلال ئەيلەدى زۇلجەلال.
ئوغۇل بەچچەغە ئاتە ـ ئانە كىيىم،
كىگۇزسە ھەرىر ياكى تىللا كىيىم.
بۇ مەكرۇھ باردۇر، ئەزابىن ئىكەۋ
كۆرەرلەر، بۇ ئىش بولدى ئاندىن ئىكەۋ.
ئىپەكدىن قىلان توگمە باغلار كىشى،
سەھىھدۇركى مەكرۇھدۇر بۇل ئىشى.
ھەرىر توپى، يا بەلغە باغلار ھەرىر،
ۋەيا بەلغە ئاسسە بۇ مەكرۇھ دەر.
ۋەيا بۆرك ئاڭا ئىپەك كۆپ تىكىپ،
ئانى تاقىيە ئەيلەدى خوب تىكىپ.
قەنىيە سەراجىيە ئىچرە دەيۇر،
ئەرەنلەرغە كىيمەككى مەكرۇھدۇر.
بۇ ۋەقت ئول لەئىن يەئنى شەيتانى دۇن،
ئېتىپ ئەھلى ئىسلامنى كۆپ زەبۇن.
بولۇپ ئۇرفى تاقىيەغە ئول زەمان،
ھەرىر لەتتەئىيكىم ئاتىدۇر سىلان.
مۇقەررەر بۇ مەكرۇھدۇر رەسمى بەد،
نېچۇك ئەيلەگەي مۇئمىن ئەل فىئلى رەد.
دېدى ھەزرەتى سەئدى دۇنياۋۇ دىن،
كىتابىكى «تەلۋىھ» ئىچىدە يەقىن.
كىشى ئۇزرىسىز قىلسە مەكرۇھنى،
شەفائەتدە مەھرۇم ئېتەرلەر ئانى.
بۇ دۇنيادە مەئلۇم ئەھۋالىمىز،

گۇنەھ بىرلە ئۆتكەن مەھۇ سالىمىز.
قولىمىزدە يوق نەقدى تائاتدىن،
ئۇمىدۋارمىز بارچە شەفائاتدىن.
ئېتىپ ۋەسۋەسە بىزنى شەيتانى سەگ،
كەراھەتلىگ ئىشلارنى گەر ئەيلەسەك.
قىيامەت كۇنى شەرمسارى ئەبەد،
شەفائەتنى بىزدىن رەسۇل قىلسە رەد.
ئۇشۇل دەم بىزى ھالىمىزغە فىغان
ئېتەر جىننۇ ئىنسۇ زەمىنۇ زەمان.
بەس ئىلزامكى ئەلھالكى بارى تەۋان،
رەسۇل سۇننەتىغە دىلۇ جان بىلەن.
ئەمەل ئەيلەسەك خوب مەھكەم تۇتۇپ،
نە سۇننەتكى بار، ئانى بىكەم تۇتۇپ.
شەرىئەتلەرىغە ئىتائەت قىلىپ،
نەكىم دېسەم قۇللۇغدە ئادەت قىلىپ.
كى شايەدكى قىلىپ قىيامەتدە نەفئ،
ئېتەر يەئنى دەۋزەخ ئەزابىنى دەفئ.
«فەتاۋايى مەسئۇد» ئارا بار يەقىن،
رەسۇل ئايدىلەر رەھمەتەن ئالەمىن:
مېنى سۇننەتىم ھەركىم ئەتكەي مۇدام،
خۇدا ئاڭا تۆرت نەرسە بەرگەي داۋام.
بىرى ئولكى ئاڭا ھەمە ياخشىلەر،
دىلۇ جانلارىدىن مۇھەببەت ئېتەر.
يەنە ئولكى ھەر فاسىقىي خەۋف ئېتەر،
ئانى خەۋفى فاسىق دىلىغە يېتەر.
يەنە رىزقىنى كۆپ ئېتەر زۇلجەلال،
يەنە ئىلمى فىقھىدە تاپار كۆپ كەمال.
يەنە ئايدىلار ئول رەسۇلى ئەمىن:
خۇدايىم فەراۋان ئېتەر رەھمەتىن.
ئاڭاكىم مېنى سۇننەتىم دوست تۇتار،
يەنە ھەر كىمە ئانى تەئلىم ئېتەر.
يەنە دېدىلەر: ھەر كىشى ئىلم ئوقۇر،
بۇ نىيەتتەكىم سۇننەتى تىرگۇزۇر.
تۇرار گورىدىن ئەنبىيالار ئارا،
كۆرەر كۆپ كەراماتى رۇزى جەزا.

يەنە دېدىلەر ھەر قايۇ ئۈممەتىم،
قەبۇل ئەيلەپ ئەتسە ئەمەل سۈننەتىم.
چۇ ئولسە نىجات تاپگەن ئەلدىن بۇلار،
ئەگەر قىلماسا خاسىرىدىن بۇلار.

* * *

مۇسۇلمانلارە سۈننەتت ئېرمىش دەۋام،
دەبان يۇرسە ئەستەغفىرۇللاھ مۇدام.
دېدىلەر پەيەمبەر رەسۇلى خۇدا:
نە دەردىكى بار ئانگا باردۇر دەۋا.
گۇنەھ ھەم يامان دەردى مۇھلىك ئېرۇر،
دەۋا ئانگا ئەستەغفىرۇللاھدۇر.
رەسۇل ئايدى: ھەركىم نە ئىشكىم قىلار،
ئىكى نامە ئەئمالە مەسبۇد ئولار.
بىرى ھەر ئىشكىم ئېتەر رۇزەدە،
بىرى كېچە تائەت ئېتەر يا گۇنەھ.
قايۇدە گۇنەھدىن تىلەر مەغفىرەت،
مۇنەۋۋەر كۆرۈنگەي ئاي ـ كۇن سىفەت.
قايۇدەكى ئەستەغفىرۇللاھ يوق،
كۆرۈنۇر قارا تەرھى رەڭگى ساۋۇق.
يەنە ئايدىلار شاھى ياسىن ئەمەل،
كىشى لائەقەل كۇندە ئىككى مەھەل.
گۇنەھىدىن ئەستەغفىرۇللاھ دېمەس،
ئۆزىگە يامان زۇلم قىلدى بۇ كەس.
كىشى دېسەم ئەستەغفىرۇللاھنى كۆپ،
سەغىرە بۇلادۇر كەبىرە زۇنۇب.
يەنە رىزقى ھەم بەرمەگەندىن يېتەر،
ئۈمىدى يوق ئېردىكى ئاندىن يېتەر.
يەنە بولغاي ئەۋلادۇ مالى كەسىر،
كېتەر قەھتىلىغ، بولماغاي ئول فەقىر.
يەنە بەرگەي ئانگا غۇمۇمدىن فەرەھ،
تاپار يەئنى دەردى ھۇمۇمدىن فەرەھ.
يېرىنى زىرائاتى ئەيلەر نەما،
بىھىشت ئىچرە ئەتكەي مەقامىن خۇدا.

چىقارۇر ھەمە زەيقلىغدىن ئانى،
ئېتەر كۆڭلىنى نۇردىن رەۋشەنى.
بۇ سۆزلەر بارى «شەرھە شەرھىي»دەدۇر،
يەنە ئول كىتاب ئىچرە بۇ سۆز دەيۇر.
كى بىر كۇن ئىدى بىر سەھابى كىرام،
ئوتۇرۇپ ئىدىلەر مەئە خاسۇ ئام.
بىراۋ ئايدى فەرزەند يوقتۇر ماڭا،
كېلىپ مەن تىلەپ ھەزرەتىڭدىن دۇئا.
دېدىلەر ئانگا ئول سەھابە كەرىم،
فەراۋاندە ئەستەغفىرۇللاھ ئەزىم.
بارىپ ئەيلەدى ۋىرد قىشۇ تامۇز،
دەر ئېردى بىرەر كۇندە تا يەتتى يۈز.
خۇدا بەردى ئول كىشىگە ئون ئوغول،
ھەمە خۇب سافىيۇ ساھىب كۆڭۈل.
رەسۇلكىم گۇنەھدىن مۇبەررا ئىدى،
مۇبارەك تىلىدىن بۇ سۆزنى دېدى.
گۇنەھدىن ماڭا زەررەدىن يوق ئەسەر،
ھەمە ئەنبىيا بۇ سىفەت باردۇلار.
ۋەلې ئايتامەن ھەر كۇنى يۈز يولى،
نەچە ئەستەغفىرۇللاھ ئەزىمنى ئەلى.
نە نەۋئى نەكىم دېسە بىسيار خۇب،
كۆڭۈل سىدقى بىرلەن كەم ئولغاي زۇنۇب.
ۋە لېكىن رەسۇل بۇ دېمەكنى دېدى،
بارى نەۋئنى ئەفزەلۇ سەيىدى.

* * *

مۇنى ۋەسفى بۇلدۇركى ھەركىم دېسە،
گۇنەھى ئەگەرچە پەراۋان ئېسە.
قاچىپدۇر زەھەفدىن ۋەياكىم بۆلەك،
ھەمە مەغفىرەت ئەيلەگەي قىلمە شەك.
كىشى ئايتسە كۇندۇزدە ئانى نەچە،
ئوشۇل كۇندە گەر ئۆلسە بولماي كېچە؛
مۇقەررەركى جايى بىھىشت ئىچرەدۇر،
ئەگەر ئۆلسە جەننەتدە مەئۋا قىلۇر.

* *

دۇئانى ئىبادەت دېدىلەر رەسۇل،
بۇ سۆز بولدى مۇختار ئەھلى قەبۇل.
خىلافدۇركى ئەۋلا دۇئا يا سۇكۇت،
دېدى بەئزەئى خۇب ئەۋلا سۇكۇت.
ئېرۇر قەۋلى جۇمھۇر ئەۋلا دۇئا،
دۇئاغە بىزى ئەمر ئەتتى خۇدا.
چۇ ئەمر ئەتتى قىلماق ئىبادەت ئېرۇر،
كى مەئمۇر قىلماغى تائەت ئېرۇر.
گۇرۇھىي دېدىلەر دۇئا ئەيلەمەق،
ئەمەلنى بەئەمرى خۇدا ئەيلەمەق.
مەنافىي ئەمەسدۇر رىزا بولماقە،
رىزا يا قەزايى خۇدا بولماقە.
كۆڭۈلدە قەزاسىغە رازى بولۇپ،
تىلىدە دۇئا ئەيلەسە يالبارىپ.
ئىمام قەشبەرىيكى قۇدۇھى ئىدى،
بۇبابەتدە بۇ نەۋئى سۆز ئەيلەدى:
كى گەر ئەتسە دىل ئىقتىزايى دۇئا،
دۇئا ئەيلەمەق خۇب ئەۋلا ئاڭا.
كۆڭۈل گەر سۇكۇتغە ئىشارەت ئېتەر،
سۇكۇت خۇب ئېرۇركىم بىشارەت يېتەر.

* *

دۇئا مۇستەجاب ئولماغىغە تەئام
ھەلال ئولماغى شەرتدۇر بەردەۋام.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى جەھان،
يېسە لۇقمەئىينى ھەرامدىن ھەر ئان.
دۇئاسى قەبۇل ئولماغاي قىرىق كۇن،
ئەگەرچە ئىبادەت قىلۇر تۇنۇ كۇن.
لىباسىدە بىر رىشتە بولسە ھەرام،
دۇئاسى قەبۇل بولماغاي، ۋەسسالام.
ئەلى ئىبنى مەنسۇر دېدى بەر كەمال،
قىلاي دېسە لۇقمەۋۇ لەبسىن ھەلال.
ئۇشۇلدۇركى كىرسۇن كىشى سۇۋ ئارا،
ئىچىپ سۇۋنى ئول ھەيندە قىلسۇن دۇئا.
ئۇمىد ئولكى بولغاي دۇئا مۇستەجاب،
مۇنى تەجرىبە قىلدىلار شەيخۇ شاب.
يەنە شەرتدۇر دىلنى ھازىرلىغى،
ئىجابەتكە ھەم جەزمۇ نازىرلىغى.
مۇقەررەركى ئېرمەس دۇئا بىئەۋەز،
يىبەرمەس كەرىم مۇددەئا بىئەۋەز.
دېدى لۇتق ئەيلەپ كەرىمۇ مۇجىب،
كەلامى ئارا: «ئەدئۇنى ئىستەجىب».
دېدىلەر: دۇئا مەغزى تائەت ئېرۇر،
ئەزازىلنى ھەربىغە ئالەت ئېرۇر.
يەنە رىزقنى بىز سارى سۇبھى شام
دۇئادۇركى ئەيلەر رەۋان بەردەۋام.
دۇئادۇركى ئەيلەر بالالارنى رەد
دۇئالىككە تەگمەس قەزا يايى بەد.
دۇئا يەر بىلە ئاسمان نۇرىدۇر،
دۇئا دىنى ئىسلام ئۇستۇنىدۇر.
دۇئا ئەيلەڭ، ئەي بەندەلەر، ئەرتە ـ كەچ،
كى كەتمەس دۇئا مۇفتى بىھۇدە ھېچ.
ۋەيا قولغە كەلگەي ھەممە مۇددەئا،
ۋەيا ئورنىغە دەفئ بولغاي بەلا.
ئەگەر دېگەنى بولماسە بۇ جەھان،
قىيامەتدە كۆپ نەفئ ئەتكەي ھەمان.
قىيامەتدە ئالدىغە چەندان سەۋاب،
كېلەدۇركى يوق ئاندە ھەددۇ ھىساب.
دېگەيلەر دۇئالاركى ئەيلەپ ئىدىڭ،
تىرىكلىكدە نەفئىنى كۆرمەي ئىدىڭ.
بۇلاردۇر ئۇشۇل دەئۋەتى نامۇجاب،
ئۇ دۇنيادە بولماپ ئىدى مۇستەجاب.
دېگەي بەندە: ئەي كاش، ھەرگىز دۇئا
قەبۇل بولمىغاي ئېردى ئول دۇنيادا.
كى مۇندە بۇ ياڭلىغ ئىكەن فايدە،
ھەممە بولغۇسى ئۆزىگە ئايدە.
بۇ سۆزلەر بارى «شەرھى شەرئە»دەدۇر،

مۇسۇلمانغە بىلماقى لازىم ئېرۇر.
ئېرۇر سۇننەت ئۇلكىم دۇئادىن بۇرۇن،
قىلىپ تەۋبە پاك ئەت بىرۇن ھەم دۇرۇن.
يەنە ئەتمەسە گەر ئىجابەت زۇھۇر،
مەلۇل ئولماسۇنكىم ھەكىمى غەفۇر.
بىلەر ھىكمەت ئىلەنكى قايسى دۇئا،
ئىجابەت ئەگەر ئەتمەسە خۇب ئاڭا.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى جەھان،
كۆپ ئەيلەڭ دۇئا خۇب خۇشلىك زەمان.
كى يەئنى رەفاھىيەتتە ھەق يادىنى،
كۆپ ئەيلەپ دۇئا ئەيلەسە ھەردەمى.
بالا ۋەقتىيۇ زەيقلىك فۇرسەتى،
كى يەئنى زەمانى غەمۇ مىھنەتى.
دۇئا ئەيلەسە ھەق ئىجابەت ئېتەر،
غەمۇ مىھنەتۇ زەيقلىقلەر كېتەر.
يەنە سۇننەت ئۇلكىم دۇئادىن بۇرۇن،
دېسە ھەمدى بارى سەلاتى فۇزۇن.
دۇئا ئەۋۋەلۇ ئاخىرىدە سەلات،
دېمەك ئۇلغاي ئاسمان چىقارغە قەنات.
دۇئا ھەر زەمان ئەيلەگەندە ئۆزىن،
دۇئا ئەيلەسۇن ئاتەۋۇ ئانەدىن.
دېدى «شەرئە»دە ئاتە ـ ئانە دۇئا،
ئەگەر قىلماسە كۆپ بولۇر بىنەۋا.
ئىكەۋنى دۇئا قىلماسە ھەر زەمان،
بولۇر ھالى بەد كۆپ ھەقىرۇ يامان.
دۇئا ئەيلەسۇن قىبلەگە رۇ قىلىپ،
يۈزىن قىبلە سۇيىگە تەگرۇ قىلىپ.
قولىن كىتفىغە رۇ بەرۇ ئەيلەسۇن،
كەفىنى يۈزىگە فۇرۇ ئەيلەسۇن.
يەنە مەتلەبىن ئەۋج ئايتسۇن تەلەب،
ئىكى قول قىلىپ سىنەغە لەب بەلەب.
ئىكى قولنى بىر ـ بىرىگە زەم ئەيلەسۇن،
دۇئا سەۋتىنى پەست ھەم ئەيلەسۇن.
دۇئادىن كېيىن يۈزگە سۇرتسۇن قولىن،
بۇ مەجمۇئ دۇئا سۇننەتىدۇر يەقىن.

دېسەڭكىم بۇ سۆزلەرنى ئەسلىن كۆرەي،
«خەزانە جەلالىي»دە، ئەي نىك راي.

## دۇئا ئىجابەت بولۇر ۋەقتلەرنى بەيانىدە

دۇئا ئەيلەسۇن لېك ۋەقتىن بىلىپ،
ئىجابەت بۇلارنى مۇقەررەر قىلىپ.
نەچە ۋەقت باركىم دۇئاغە شىتاب،
قىلىڭكىم دۇئا ئاندەدۇر مۇستەجاب.
بىرى ئانى جۇمئە ئەزانى ئېرۇر،
كى يەئنى ئەزانى مىنارە دەيۇر.
دېدى بەئزى سۇننەت ئەزانى يەقىن،
ئىكەۋدە دۇئا ئەيلەمەك خۇب دېگىن.
يەنە جۇمئە كۈن ئەسىردىن تا بەشام،
بۇ دەمدە دۇئا مۇستەجابدۇر مۇدام.
ئەزان ئىلە تەكبىر ئىشتكەن زەمان،
نامازغە تۇرار ۋەقتى ھەم بار ھەمان.
يەنە چەھارشەنبە كۈنى بولسا گەر،
پېشىندىن كېيىن تا نامازى دىگەر.
زەۋال ۋەقتى ھەر كۈندە بار مۇستەجاب،
بۇ ھالەتدە ئەيلەڭ دۇئاغە شىتاب.
يەنە ھەر كېچە ئاخىرى ھەم سەھەر،
يەنە جۇمئە كېچەسىغە بار خەبەر.
رەجەب ئايىنىڭ ئەۋۋەلىن كېچەسى،
بەرات ئايىنىڭ ئون بەشىن كېچەسى.
يەنە قەدر كېچەۋۇ رەمازان ئايى،
يەنە ئەرفە كۈنى قۇربان ئايى.
يەنە ئىكى ئىيد كېچە قىلسۇن دۇئا،
قىلىپ ۋەئدەئى ئىستىجابەت خۇدا.
كىشى رۇزە تۇتقان ئېسە نەفلۇ فەرز،
دۇئا ئەيلەسۇن ۋەقتى ئىفتار ئەرز.
يەنە ۋەقتكىم بولسە كۆڭلى رەقىق،
دۇئاسى بولار مۇستەجاب، ئەي رەفىق.
كېسەلنى دۇئاسى بىلا رەيبۇ شەك،
بەمىسلى دۇئايى نەبىيىۇ مەلەك.

بىتىپ «شەرھ ئەۋراد» ئىچىندە رەسۇل،
دېدىلەر: مۇسافىر دۇئاسى قەبۇل.
فەرايىز نەمازدىن كېيىن بىدەرەڭ،
دۇئا ئايتسە مەقبۇل بىرەيبۇ رەڭ.
يەنە خەتمى قۇرئان قىلغان زەمان،
يەنە يۈز مۇسۇلمان يىغىلگەن مەكان.
ئۇلۇغ ئالدىدە، مەجلىسى زىكر ئارا،
يەنە كەئبە كۆرگەن زەمان ھەم رەۋا.
مەدىنەنى كۆرگەندە يا رەۋزەنى،
دۇئا ئايتسە كەلگەي ئىجابەت ئۈنى.
يەنە ياڭى كۆرگەن زەمانىي ھىلال،
ئىجابەت بولۇر ھەرنە قىلسە سۇئال.
يەنە جۇمئەدە ئىكى خۇتبە ئارا،
ئوتۇرسە ئىمام قىل دۇئا بىئىبا.
يەنە مۇنبەرىدىن تۈشەردە ئىمام،
دۇئا ئايتسە تاپقاي ئىجابەت مۇدام.
بۇ سۆزلەر بارى «شەرئە شەرھى»دەدۇر،
بۇ ياڭلىغ مۇفەسسەل كىتاب كەم بولۇر.
دۇئايى ئاتە ـ ئانەدۇر مۇستەجاب،
ۋەلەد ھەققىغە باردۇر بىشەك مۇجاب.
ئالار ھەققىغە ھەم دۇئايى ۋەلەد،
ئىجابەت بولۇر ھېچ بولمايدۇ رەد.
بەرادەر دۇئاسى، بەرادەرلەرە،
ئەگەر زۇھرۇ غەيب ئولسە مەقبۇل ئولە.
يەنە پادىشاھىيكى ئادىل ئېرۇر،
دۇئا ئايتسە بىشەك ئىجابەت بولۇر.
دۇئايىكى غازى ئېتەر بار قەبۇل،
دېدى «مەخزەن» ئىچرە بۇ قەۋلى رەسۇل.
دۇئايىكى مەزلۇم ئېتەر زالىمىن،
بىلا رەد دېدىلەر قەبۇل ئولماغىن.
ئۆزىنىڭكى فەرزەندىگە، ئەي فەلان،
بەزىنھار ئايتمە دۇئايى يامان.
مۇبادە ئەگەر بولسە مەقبۇلى ھەق،
ئۆزۈڭگە زەرەر بولغۇسى ماسەبەق.

* *

فەقىھ لەيىسكى شەيخى ئالىم ئىدى،
ئاتى «بۇستان» ئول كىتابدە دېدى.
كى بەش يەردە مەكرۇھ سۆز ئەيلەمەك،
سۈكۈت ئاندە ئەلبەتتە لازىم كېرەك.
بىرى تابۇت ئارقاسىدە دەر كەلام
دېسە بار كەراھەت دېدى ۋەسسالام.
بىرى ئولكى قۇرئان ئوقۇر ۋەقتىدە،
ئۆزۈڭ خاھ ئوقۇ، خاھ ئىشىت غەيرىدە.
يەنە مەجلىسى ئىلم ئارا ھەر سۇخەن،
يەنە سۇبھىدىن تاكى بامداد ئۆتەن.
يەنە خۇفتەن ئەتكەن كىشى تاكى سۇبھ،
بۇ يەرلەردە سۆز ئەيلەمەك سەختى قۇبھ.
يەنە بەش مەكان كۈلگۈ مەكرۇھدۇر،
نۇخۇست ئول گۆرۇستاندا ھەركىم كۈلەر.
يەنە ئول مۇسىبەتلى ئەل ئالدىدە،
ئەگەر كۈلسە بولغاي كەراھەت تۇدە.
يەنە ھەركىم ئايغاندا يادى خۇدا،
ئەگەر كۈلسە مەكرۇھ دېدى «شەرئە»دا.
ۋەيا بىر كىشى دېسە ھەزلۇ مەزاھ،
كى يەئنى سۆزى كىزب، غەيرى مۇباھ.
ئاڭا كۈلسە مەكرۇھدۇر بۇ كۈلىش،
مۇسۇلمان دېگەن ئەتمەگەي مۇنداق ئىش.
رەسۇل ئايدى: مەجلىس ئارا ھەر كىشى،
دۇرۇغ سۆزنى دەر تاكى ئەل كۈلمىشى.
ئېتەر خەلق خەللاقى ئەرزۇ فەلەك،
ئانى ئول كالامىدىن ئۈچ يۈز مەلەك.
ئوقۇرلار ئاڭا ھەر زەمان لەئنەتى،
قىيامەتغەچە تىنمايىن سائەتى.
بىرى ئولكى كۈلسە نەمازدە يەنە،
خۇدايى جەھانغە نىيازدە يەنە.

* *

ئەزىزلەر دېدى كۈلگۈ ئۈچ قىسم ئېرۇر،
تەبەسسۇم يەنە زىھك قەھ ـ قەھ ئېرۇر.

تەبەسسۇم شۇدۇركى ئىشتەمەس ئۆزى،
ئېرۇر زىھەك ئولكىم ئىشتكەي ئۆزى.
ئېرۇر قەھ ـ قەھە، يەئنى كۈلمەك بەلەند،
گۇناھى كەبىرە دېدى ئەھلى پەند.
دېدىكىم: كىشى كۈلسە مۇندە فۇزۇن،
قىيامەتدە كۆپ يىغلاغاي تاڭلا كۈن.
خۇدا دېدى قۇرئاندە: «يىبىكۇ كەسىر»،
قەلىل زىھەك ئېتىلاڭ دېدى ھەيىي قەدىر.
كىشى كۈلسە دۇنيادە خەۋق ئەيلەمەي،
قىيامەتدە ھەسرەتدە كۆپ يىغلاغاي.
كىتابلاردا باردۇركى شەيخى سەرى،
جۇنەيد ئىلە سۇفيانۇ شەيخى ئەلى.
يەنە بەشر ھافىي، يەنە بايەزىد،
يەنە كەرخىيۇ با ھۇسەينۇ سەئىد.
بۇلاردىن بۆلەك ھەم بەسىي خۇبلەر،
بىرەر يول بۇ دۇنيادە كۈلمەدىلەر.
دەر ئېردىلەر، ئايا، ئۆتۈپمىز سىرات،
بېھىشت ئىچرە كىردۇكمۇ ئەيلەپ نىشات.
نېچۈك كۈلەمىز ئالدىمىزدە خەتەر،
ئەدەدسىز ئېرۇر يا خەتەر، يا زەفەر.
ئېرۇر ھاسىل ئول كۈلگۇ قەسۋەت ئېرۇر،
كى كۈلمەق ئەلاماتى غەفلەت ئېرۇر.
يەنە فىكر ئايتسا ئەلاماتى كۆر،
نەكىر مۇنكىرۇ ھەم ئەزابى قەبۇر.
سىراتكىم ئېرۇر ئۈچ مىڭ يىللىق يول،
قىلىچتىن ئىتتىكرەك دېدىلەر رەسۇل.
كېلەرمۇ ئىكەن نامەلەر ئۇچىدىن،
ۋەيا ھەسرەتۇ غەم ئىلە سوڭىدىن.
بۇ ياڭلىغ ئەلامەتلەر ئالدىدە بار،
كىشى ئاقىل ئېرسە نېچۈكدىن كۈلەر.
مۇسۇلمانغە لازىمكى ھەر سائەتى،
ئالىپ يادىغە كورنى كۈلفەتى.
ئېتىپ فىكركىم كەلسە ئولماق فەراز،
يىبەرسە ئەجەلنى باشىمىزغە باز.
كېلەر ئەزرائىل ئالغالى جان ئۈچۈن،
بەلىسى لەئىن قەسدى ئىمان ئۈچۈن.
نە بولغاي بىزى ھالىمىز ئول زەمان،
خۇش ئولغايمۇ ئەھۋالىمىز يا يامان.
چۇ گۆر ئىچرە گەر كىرسە مۇنكىر ـ نەكىر،
تۇمەن ھەيبەت ئىلە سوئالىنى دەر.
جەۋابىغە قادىر ئېتەرمۇ كەرىم،
ۋەيا ئاجىز ئەيلەرمۇ يۈز خەۋفۇ بىيم.
بولارنى قىلىپ ياد ئەفغان ئېتىپ،
يۈرەكلەرنى ھەسرەت بىلەن قان ئېتىپ.
قويۇپ يەرگە ھەسرەت ئىلەن باشىمىز،
تۆكۈپ ژالەدەك دىيدەدىن ياشىمىز.
نەكى غەفلەت ئىلەن كۈلۈپ قاھ ـ قاھ،
كەتۈرمەي كۆڭۈلگە ئەزابى گۇناھ.
خۇسۇسەن غىياسىددىنى بىئەمەل،
ئەزىز ئۆمرى غەفلەتغە قىلغان بەدەل.
يىگىتلىك دەمىم ئۆتتى كۈلگۈ بىلەن،
قىشۇ يازلىغۇ ھەيا ھۇ بىلەن.
بىرەر لەھزە ئۆلمەقنى ياد ئەيلەمەي،
گۇنەھلەر ئالىپ ئەسكە، داد ئەيلەمەي.
قىيامەتنى ياد ئەتمەيىن گاھ ـ گاھ،
كەتۈرمەي كۆڭۈلگە ئەزابى گۇناھ.
ئەگەر كەتسە بۇ ھال ئىلە دۇنيادىن،
نە كورۇ نە دەۋزەخ قەبۇل ئەيلەيىن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

هاجى ئەمىن يېڭىھىسارىي

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇۋىمەريەم شېرىپ خوشتارە دىلبەر شاھمەردان

بەرادەرلەر، يالغۇز كاككۇك ئەمەس، تورغاي دېگەن بىر جانىۋار بار، جەزىرىلەردە كېچىسى ئۇخلىماي قاناتلارىنى قاناتلارىغا ئۇرۇپ، نىسفى شەبلەردە فەسىھ زەبان بىلەن سايراپ نالە ـ فەرياد قىلىپ، ياراتقان پەرۋەردىگارى ئالەمگە ھەمدى ـ سانا ئايتادۇر. مۇنداغ ئاشىقى سادىق قۇشلار بار ئىكەنلەر. ئەي بەرادەرلەر، بىزلەر ھەم ئىنسان بولغاندىن كېيىن شۇبۇ ئۇچار قۇشلاردىن بىرئاز ئىبرەت ئالىشىمىز لازىم. بىز ھەم بىيدار بولۇپ سەھەرلەردە ئۆز ھالىمىزغە يىغلايلىك، بۇ جان تەندە ئەمانەت، بەرادەرلەر.

كۆردۈڭلارمۇ سەھەردە فەرياد قىلۇر بۇ تورغاي،
«چۇ ـ چۇ» دەبان چۆللەردە ئەفغان قىلۇر بۇ تورغاي،
ئۆز ھالىغە ھەمىشە يىغلار، بىلىڭ، بۇ تورغاي،
ئول ياراتقان شاھىغە ئەرزىن قىلۇر بۇ تورغاي،
ھەق يادىغە ھەمىشە شاكىر ئېرۇر بۇ تورغاي.

جايى ئانىڭكى ياتاق، سۇفىي ئېرۇر ۋەلى ساق،
ئاشىن يېسەڭ چۆللەرگە بارىپ ئانى كۆرۈپ باق،
قۇشلار ئىچىندە، دوستلار، ئەجەب قۇشدۇر دىلى ئاق،
لىسانىدە بۇ تورغاي ئايتۇر ھەمىشە رەززاق،
كېچەلەردە بىيداردۇر ئاشىق ئېرۇر بۇ تورغاي.

تورغاي ئايتۇر: يا رەززاق، قىلغىل مېنىڭ دىلىم ئاق،
تەمام جاندار مەخلۇقنى خەلق ئەيلەپسەن، ئەي خەللاق،
بۇ دۇنيادا غەرىبمەن، غەرىب سارىغە بىر باق،
فەرياد قىلۇر سەھەردە، غافىل قۇللار، كۆزۈڭ ئاچ،
غافىللارنى ئۇيغاتۇر ئىدا قىلىپ بۇ تورغاي.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

لىسانىدە «چۇ ـ چۇ» دەر، فەرياد قىلىپ «ھۇۋ ـ ھۇۋ» دەر،
كېچەلەردە ئۇخلىماي مۇدام قەندۇ شەكەر يەر،
ئىبرەت ئايغىل تورغايدىن، ئارام ئالماي ئەللاھ دەر،
ھەمدى خۇدانى ئايتىپ بۇ كۆڭلىنى شاد ئەيلەر،
ئەرزىن ئايتىپ خۇداغە، نەۋا قىلۇر بۇ تورغاي.

سەن تورغايدىن ئال ئىبرەت، بۇ دۇنيادىن يىغلا كەت،
دۇنيا ئىشىنى تاشلاپ، قىل ياراغى ئاخىرەت،
غافىل بولما، ئەي نادان، بۇ دۇنيادا بولغىل مەرد،
سەھەرلەردە بول بىدار، قىلغىل ئۆزۈڭ ئەھلى دەرد،
ئۆز ھالىغە ھەمىشە يىغلار بىچارە تورغاي.

ئىمىن ھاجى، سەن غافىل، يىغلاپ مۇدام نەۋا قىل،
بىدار بولۇپ سەھەردە، دائىم يىغلاپ دۇئا قىل،
ھاجى ئىمىن ھەمىشە خۇداغە ئىلتىجا قىل،
خۇداۋەندا، غەرىبىنىڭ بۇ ھاجەتىن رەۋا قىل،
بەندە بولساڭ خۇداغە يىغلا بەمىسلى تورغاي.

ئەي بەرادەرلەر، مۇندىن باشقا يەنە ھۇۋقۇش دېگەن بىر قۇش بار ئول قۇشنىڭ چىرايلىق كۆزلەرى قىزىل، مۈشۈكنىڭ قۇلاغىدەك قۇلاغى بار. بۇ قۇش كۈندۈزلەرى بولسە خەلايىقلەرغە كۆرۈنمەي چۆل ـ بەيابانلارغا كىرىپ ياتادۇر، كېچەسى نىسفى شەبلەردە چىقىپ، ھەۋادا سەير قىلىپ «ھۇۋ» دەپ فەرياد قىلادۇر. بۇ قۇشدىن ھېچ كىشىگە زەرەر يەتمەيدۇر، قورساغى ئاچسا، بىرەر توخى سەيد قىلىپ يەيدۇر. قۇشلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئىشان قۇشلار بار ئىكەن. بۇ قۇش بولسا سوفىي دەرۋىش، جۈملە قۇشلارنىڭ شەيخى زەمانىدۇر. بۇ قۇش كېچەلەردە «ھۇۋ» دەپ سەدا قىلسا، ئالەم لەرزىگە كېلەدۇر. بۇ ئاۋازنى ئىشىتكەن سەھەرخىزلارنىڭ يۈرەكلىرى قان بولادۇر. بۇ قۇش ھەم ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر. بەرادەرلەر، ئۇچار قۇشلاردىن ئىبرەت ئالايلىك، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ھايۋانلار كېچەلەردە ئارام ئالماي، ئۆز ھالىغە يىغلىسا، بىزلەر ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۇچۇن يىغلىمايمىز؟ جان مۇسۇلمانلار، ھەيۋاندىن ئىبرەت ئالايلىك، ھۇشيار بولايلىك.

تەمام جاندار ئىچىدە، دوستلار، ئازادەدۇر ھۇۋقۇش،
غەنىزادە ئېرۇرمۇ يا لەقەبمۇ، نامىدۇر بايقۇش.

قارا قاشلىغ، كۆزى ئوتلۇغ، بولۇر ئاشۇفتە ھەر ئادەم،
ئالىپ ئىبرەت ئۇشۇل قۇشتىن ھەمىشە زىكرى ئەللاھ دەڭ،
كۆزىدىن ئوت چىقىپ تۇرغاي بۇ ئىشقىنىڭ ئەسەرى بار دەڭ،
مۇسۇلمان ئوغلىدۇرسىز دائىما ئەللاھنى ياد ئەيلەڭ،
كېچەلەردە سەنا ئايتىپ ئۇچۇپ «ھۇۋ» دەر، بىلىڭ ھۇۋقۇش.

بۇ قۇشتىن ھېچنېمەگە يەتمەگەيلەر بەلكى ئازارە،
بۇلەك قۇشلار سىفەت ئۆزىن سالماس بەلكى بازارە،
بۇ كۇندۇزى بارىپ چۆللەردە ياتمىشلار، بىلىڭ ئارە،
باشىن تۆبەن سالىپ غار ئىچرە ئولتۇرمىش بۇ بىچارە،
كېچەلەر دائىما، ئەي دوستلار، بىداردۇر ھۇۋقۇش.

بۇ قۇش بىل جۇملە قۇشلارنىڭ ئىچىندە ئەقلى پۇردانىدۇر،
لىسانىدە ھەمىشە بىلسەڭىز ھەننانۇ مەننانىدۇر،
ئانىڭ ھەم مەتلەبى، ئەي دوستلار، دىيدارى جانانىدۇر،
ھەمىشە ئۇشبۇ قۇشنىڭ بىل تىلىدا زىكرى سۇبھانىدۇر،
خۇدانىڭ ئىشقىدا كۆيگەن سەمەندەردۇر، بىلىڭ، ھۇۋقۇش.

ئىمىن ھاجى بۇ قۇشنىڭ تەئرىفىن مەن بەيان قىلدىم،
دىلىمغە كەلسە ھەر سۆز ئۇشبۇ ھالەتدە ئەيان قىلدىم،
ئۆلۈم ئاخىر قىلۇر نابۇد، بەرادەرلەر، ئانى بىلدىم،
ئۆلۈمگە مەن ھەيالسىز، ئەي دوستلار، كۆكسۈم نىشان قىلدىم،
ھەمىشە يادى ھەقنى ئايتىبان يۈرگەي، بىلىڭ ھۇۋقۇش.

ئالىڭ ئىبرەت، بەرادەرلەر، ئۇچار قۇش ئىچرە ھۇۋقۇشدىن،
خۇدانىڭ زىكرىنى تەئلىم ئالىڭلار ئەمدى بۇ قۇشدىن،
كۆرۈپ ئىبرەت ئالىڭلار زىكرى ھەق ئايماقنى بۇ قۇشدىن،
ئىمىن ھاجى، مۇدام يىغلا فەقىر قالما بۇ جۇنبۇشدىن،
كېچەلەر »ھۇۋ« دەبان دائىم قىلۇر زىكرى سەنا ھۇۋقۇش.

* *

بەرادەرلەر، ھۇدھۇد دېگەن بىر جانىۋار بار، ئۆزى مۇنەججىم ئىشاندۇر، شۇنداق ئىشاندۇركى، ئول ئەۋۋەلى كۆزدە يادى ھەق قىلماق ئۈچۈن بىر كامارغا كىرىپ كېتىپ چىللەدە ئولتۇرۇپ ئەردى، بەھاردە غەرىب ئاۋاز بىرلە قىچقىرىپ چىقادۇر. بۇ جانىۋارنىڭ ئۈستىدىكى كىيگەن تونلارى ئالا، باشىدا تاجى ھەم بار. بۇ قۇشتىن ھېچ نەرسىگە ئازار يەتمەيدۇر. تەۋەككۇل دەپ تۇمشۇقىنى يەرگە ئۇرسا، ئول يەردىن ئاللاھ تەئالا بىر تۈئمە ئاڭا يەتكۈرۈپ بېرىدۇر. ئۇ قۇش تەۋەككۇلچى، تەۋەككۇلنى دوست تۇتقان توغرىدىن، قايەرنى چوقۇسا ئاڭا تۈئمە ھازىر. بۇ قۇش بولسە پەيكى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدۇر، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى دەپتۇرلار:

بەرادەرلەر، بىلىڭلار، ئىشان ئېرۇر بۇ ھۇدھۇد،
سوفىي، دەرۋىش، مۇنەججىم ئۆزى ئېرۇر بۇ ھۇدھۇد.

ئۆزى ئەجەب چىرايلىق بىلىڭ غەيرىي مۇكەررەر،
ھەر نەفەسدە ئەسلىدە زاكىر ئېرۇر بۇ ھۇدھۇد.
ئۈستىدە بار جەندەسى، باشىدە بار تاجىسى،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن دىۋانەدۇر بۇ ھۇدھۇد.
ئولتۇرغۇسى ئىتتىكاب، ئوقۇر دائىم چىھلى كاب،
سادىق ئېرۇر، دىلى ساف، مەردانەدۇر بۇ ھۇدھۇد.
ئۈستىدە ئانىڭ جەندە، خۇدايىمغە ئول بەندە،
يىغلاپ سايراي ھەر دەمدە، فەرياد قىلىپ بۇ ھۇدھۇد.
ھۇدھۇد ئايتۇر: رەبىم بار، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار،
سۆلەيمانغە سۆزۈم بار، دەبان يىغلار بۇ ھۇدھۇد.
ھۇدھۇد قىلۇر ئىتتىكاب، ئوقۇر دائىم بۇ دەھ قاب،
تۆكەر كۆزدىن ھەردەم ئاب، يىغلار دائىم بۇ ھۇدھۇد.
جانۋارلار ئىچىندە ئۆزى ئىشان زەماندۇر،
يىغلاپ ئايتۇر، يا غەفۇر، ھەر نەفەسدە بۇ ھۇدھۇد.
ھۇدھۇدنى كۆر نې دەيدۇر، تىنىماي دائىم ھەق دەيدۇر،
دىيدارى ھەق كۆزلەيدۇر، مەستانەدۇر بۇ ھۇدھۇد.
ھۇدھۇد ئۆزى دىۋانە، بىل ئەقلىدىن بىگانە،
ئۇچار بىلىڭ ھەريانە، ئۈستۈن تۇبەن بۇ ھۇدھۇد.
ئىمىن ھاجى، كەم ئەقىل، ئالغىل ئىبرەت ھۇدھۇددىن،
تەۋەككۇلنى دوست تۇتغىل، مىسالى ئۇشبۇ ھۇدھۇد.

* *

ئەي بەرادەرلەر، بىلىڭلار، ئاق كەبۇتەر بولسا ھەم دەرۋىش، سۇفىيئى زاماندۇر. كېچەلەرى بولسە نىسفى شەبدە ئۇخلىماي دەم تۇتۇپ زىكىر ئايتىپ «ھۇۋ ـ ھۇۋ» دەپ سۇھبەت قىلادۇر. كېچەسى ئەسلا ئۇخلىمايدۇر. بۇ قۇش ھەم ئاشىق ئىكەن، كېچەلەردە ئۇخلىماي دىيدارى ھەق تەلەپ قىلادۇر. ئەقلى بار ئىنسان بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى لازىمدۇر. پەررەندە جانىدە ياراتقان ئاللاھ تەئالانى ياد قىلىپ، ئۆز ھالىغە يىغلىسا، بىزلەر ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۇچۇن ئۆز ھالىمىزغە يىغلىمايمىز؟ غەفلەت ئۇيقۇسىدە ياتۇرمىز؟ بەرادەرلەر، بۇ دۇنيا فانىي، ۋەفا قىلمايدۇر، ئاخىرەت ئەسبابلارىن قىلىشىمىز لازىمدۇر.

خۇدايىمنىڭ ئاشىقى، بىلىڭلار، ئاق كەبۇتەر،
«ھۇۋ» دەپ سەھەردە يىغلاپ سەنا ئايتۇر كەبۇتەر،
بىيدار سەھەردە دائىم زاكىر ئېرۇر كەبۇتەر،
ھەق يادىغە ھەمىشە شاكىر ئېرۇر كەبۇتەر،
تۈن كېچەلەردە يىغلاپ «ھۇۋ» دەر بۇ ئاق كەبۇتەر.

ئاتى ئانىڭ دەمدەردۇر، تىنىماي دائىم «ھۇۋ» دەيدۇر،
دىيدار تەلەب ھەمىشە، خۇدايىمغە يىغلايدۇر،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈبان يۈرەكىنى داغلايدۇر،
كېچەلەردە ھالىغە ئارام ئالماي يىغلايدۇر،
خۇدايىمنى ياد قىلىپ يىغلار بۇ ئاق كەبۇتەر.

دائىم سەھەردە بىيدار، تىلەكىڭدۇر بىل دىيدار،
ھەق دەپ مۇدام سەھەردە قىلغۇر ئاللاھغە ئۇل زار،
بەندە بولساڭ خۇداغە، كەبۇتەردەك بول بىيدار،
كۆپ يىغلىساڭ سەھەردە سەمىئ ئەيلەگەي ئۇل جەببار،
بىيدار سەھەردە دائىم، بىلىڭلار، ئاق كەبۇتەر.

كەبۇتەرغە قاراپ باق، بۇ دۇنيادا بۇ دەم ساق،
بۇ دۇنيادىن كۆچۈبان كەتكەنلەرگە قاراپ باق،
قەنائەتنى سەن تۇتغىل، يېگىل مۇدام نانى قاق،
زار يىغلاساڭ سەھەردە مەھشەر بولغۇر يۈزۈڭ ئاق،
زار يىغلاغىل ھالىڭغە بەمىسلى ئاق كەبۇتەر.

كەبۇتەردەك بول بىيدار، دىلنى زەۋققە ئۇرما ھال،
ئاقاردىلار ساچ ـ ساقال، ئەللىك نەچچە كىردى سال،
بۇ ئۇيقۇدىن ئويغانىپ ئەمدى بىيدار ئەيلە ھال،
قەرارى يوق ئۆلۈمنىڭ مىسال ئۆلۈم بىر شامال،
خۇدايىمنىڭ يادىدە يىغلار بۇ ئاق كەبۇتەر.

كەبۇتەرنى كۆردۈڭمۇ تۈن كېچەلەر «ھۇۋ ـ ھۇۋ» دەر،
ئۇچار قۇشلارنى كۆرگىل دائىم يىغلاپ ئەللاھ دەر،
يۈرەكىنى قان قىلىپ، كۆيدۇرگۇسى بۇ جىگەر،
زار يىغلاغىل خۇداغە، بەندە بولساڭ سەن ئەگەر،
ھەق يادىدە زاكىردۇر دائىم بۇ ئاق كەبۇتەر.

كەبۇتەردىن ئىبرەر ئال، بەرادەرلەر، قىل غەيرەت،
ئەمرى خۇدا ئەيلەبان بۇ دۇنيادىن يىغلاپ كەت،
مەھكەم باغلا بېلىڭنى ھەرگىز بولما بىغەيرەت،
بولسە ئەقلىڭ، يارانلار، ئۇچار قۇشتىن ئال ئىبرەت،
مەخفىي يىغلا نىسفى شەب مىسالى ئاق كەبۇتەر.

ھاجى ئىمىن بىغەيرەت، كەبۇتەردىن ئال ئىبرەت،
بىيدار بولۇپ غەفلەتدىن ئەمدى قىلغىل سەن غەيرەت،
باشىڭدا بار سېنىڭكى يۈزمىڭ تۈرلۈك كۆپ ئىللەت،
غافىل يۈرۈپسەن مۇندا ئاخىر ئەتمە كۆپ كۈلفەت،
ھاجى ئىمىن يىغلاغىل بەمىسلى ئاق كەبۇتەر.

*    *

ئەي ئەزىزلەر، بۆدەنە دېگەن بىر جانىۋار بار. ئانىڭ ھەم ئاۋازى ناھايىتى ئەسىرلىك تېگەدۇر. ئۇل قۇشنىڭ ئاۋازىنىڭ تەسىر قىلىشىدىن ئۇل قۇش ھەم ئاشىققە ئوخشايدۇر. ئۇل قۇش ھەم سەھەردە فەرياد قىلىپ سايرىسا، سەھەرخىزلەرنىڭ دەردى زىيادە بولادۇر. بۇ قۇشنى ھەم سەھەر تۇرغان سەبەبدىن ئاشىقلار قاتارىدا كۆردۇم. سەھەردە جۇنبۇش قىلغان قۇشلارنىڭ ھەممەسى ئاشىق بولسا كېرەك. ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمەتى يەر يۈزىغە نازىل بولسە ئەلبەتتە، سەھەرخىزلەرگە دۇچار بولسە كېرەك. بۇ قۇش سەھەردە بىيداردۇر، بۇ قۇشتىن ئىبرەت ئالايلىك.

بەرادەرلەر، بىلىڭلار، ئاشىق ئېرۇر بۆدەنە،
بۇ دۇنيادا دىلى ساق، سادىق ئېرۇر بۆدەنە،
فەرياد قىلىپ سەھەردە سايرار، بىلىڭ بۆدەنە،
غافىللارنى ئۇيقۇدىن بىيدار قىلغۇر بۆدەنە،
خەلايىقغە كۆرۈنمەي مەخفىي يۈرەر كۈنجىدە،
سايرار دائىم سەھەردە فەرياد ئۇرۇپ بۆدەنە.
ئاڭا ئاشىق خەلايىق دائىم ئىزلەر ئۇل قۇشنى،
قاچىپ يۈرۈپ ھەمىشە «ھەق» دەر، بىلىڭ بۆدەنە.
كۆزى ئانىڭ چىراغدەك يانىپ تۇرغاي ھەمىشە،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈبان زارۇ ھەيران بۆدەنە.

يىغلاپ ئايتۇر: «يا قەھھار، سەندىن باشقا كىمىم بار؟»
يىغلار دائىم زار ـ زار، ئەفغان قىلىپ بۆدەنە.
سايرار سەھەر: «ۋىتىۋالاق، بۇ جانىمغە ئوتنى ياق،
يۈرەكىمدە مىڭ قاداق» ئاۋازى بۇ بۆدەنە.
ئاۋاز قىلغۇر «رەززاق» دەپ، «بۇ دىلىمنى قىل ئاق دەپ»،
«غەرىب سارى بىر باق» دەپ فەرياد قىلغۇر بۆدەنە.
سەھەرلەردە سايرايدۇر، ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر،
يۈرەكىنى داغلايدۇر، دىيدار تەلەپ بۆدەنە.
خەلايىقدىن قاچارلار، بۆكۈپ مەخفىي ياتارلار،
سەھەرلەردە سايرارلار، نەۋا قىلىپ بۆدەنە.

بۆدەنەنى كۆردۈڭمۈ، ئاندىن ئىبرەت ئالدىڭمۇ،
سەھەر بىدار بولدۇڭمۇ، مىسالى ئول بۆدەنە.

*

ھاجى ئىمىن، دۇئا قىل، خۇداغا ئىلتىجا قىل،
ھەردەم سەھەر نەۋا قىل، مىسالى ئول بۆدەنە.

*

ئەي مۆئمىنلەر، قالاغاچ دېگەن بىر جانىۋار بار. ئول جانىۋارنىڭ رەڭگى قارا، كۆزى قىزىل، ئۆزى نازۇك، ئەجەب تېز پەرۋاز قىلادۇر. ۋاقتى سەھەردە بىدار بولۇپ ئۆز زەبانىدا بىر نەرسە ئوقۇيدۇر، ئانىڭ ئاۋازى ھەم كۆپ دەردلىك، سەھەردە ياتقان جايىدىن ئۈچۈپ چىقىپ كېتەدۇر، ئانىڭ ھەم دەردى بولسەلەر كېرەك. ئانىڭ ئاۋازى ھەم ئادەمگە كۆپ ئەسەر قىلادۇر.

بىلىڭ ئەجەب چىرايلىق، بەرادەرلەر، قالاغاچ،
ئۇچار دائىم ھاۋادا لاچىن سىفەت قالاغاچ.
ئۆزى ئەجەب ئازادە، قۇشلار ئىچرە شاھزادە،
خۇدايىمغە ھاۋادە سەنا ئايتۇر قالاغاچ.
زەبانىدە ۋىچىرلاپ فەرياد قىلۇر ھەمىشە،
ئۇچار دائىم ھەۋادە لاچىن سىفەت قالاغاچ.
«ئەلھەمد» ئوقۇر قالاغاچ: «ئايا غافىل، كۆزۈڭ ئاچ،
غافىل ياتما يالاڭاچ» دەپ ئۈيغىتۇر قالاغاچ.
«تۇشەك ياستۇقدا ياتما، ئۆمرۈڭ غەفلەتكە ساتما،
غەفلەت لايغا پاتما» دەپ ئۈيغىتۇر قالاغاچ.
«كۆزۈڭ ئاچقىل، ئەي غافىل، ۋاقتى سەھەر بولۇپتۇر،
ئىچىم قانغە تولۇپدۇر» دەپ ئۈيغىتۇر قالاغاچ.
«تۆشەك ئۈزرە ياتىپسەن، غەم لايىغە پاتىپسەن،
دائىم غافىل ياتىپسەن» دەپ ئۈيغىتۇر قالاغاچ.
قالاغاچنى كۆر نې دەيدۇر، ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر،
يۈرەكىنى داغلايدۇر، ئىشق ئوتىدا قالاغاچ.
ئۆزى ئەجەب كىچىكدۇر، سۆزى ئانىڭ چۈچۈكدۇر،
شىرىن ـ شەكەر، ئەسەلدۇر، لىسانى بۇ قالاغاچ.
ئۆزى ئەجەب چىرايلىق، ئالتۇن قەفەسكە لايىق،
ئەجەب قۇشتۇر ئول سادىق، بەرادەرلەر، قالاغاچ.
كۆزى ئانىڭ ياقۇتدۇر، تۇمشۇقلارى مەرجاندۇر،
زەبانىدا قۇرئاندۇر، دائىم ئوقۇر قالاغاچ.
سەھەرلەردە بۇ زاكىر، ھەق يادىغە بۇ شاكىر،
دائىم قىلۇر مۇزاكىر، قۇرئان ئوقۇپ قالاغاچ.
بىلىڭ قالاغاچ زاكىردۇر، ھەق يادىغە ماھىردۇر،
بۇ دۇنيادا تاھىردۇر، بەرادەرلەر، قالاغاچ.
ئايا غافىل، كۆزۈڭ ئاچ، قالاغاچتىن ئال ئىبرەت،
بىر ئاز ئەمدى قىل غەيرەت، ئۇخلاپ ياتما يالاڭاچ.
سۆزلەپ ئۆتتى بۇ سۆزنى ئىمىن ھاجى قارا يۈز،
يىغلا، ئاجىز بەندە بىز بەمىسلى ئول قالاغاچ.

*　　　*

بەرادەرلەر، كەكلىك دېگەن بىر جانىۋار بار، كۆزلىرى قىزىل، ئاۋازى بەلەن. ئول دائىم تاغلاردە يۈرۈيدۇر، سوقۇشدە بىھەمتادۇر، دائىم لىسانىدە «ھەق» دەيدۇر. بۇ قۇشدە ھەم خەبەرى ئىشقىنىڭ ئەسەرى بارغە ئوخشايدۇر.

سۆزۈم ئىشتىڭ، يارانلار، دائىم «ھەق» دەر بۇ كەكلىك،
ئۇشۇل تاغۇ تاشلاردە يىغلاپ «ھەق» دەر بۇ كەكلىك.
لىسانىدە دائىم ھەق، مۇدام ئىشى ھەق دېمەك،
تاغۇ دەشتلەر ئىچىندە يىغلاپ «ھەق» دەر بۇ كەكلىك.

ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن، دەردى فىراقدە كۆيگەن،
مۇدام تاغلارنى كەزگەن، دىۋانەدۇر بۇ كەكلىك.
يۈرەر تاغدا ئۇچۇبان، خەلايىقدىن قاچىبان،
كۆز - ياشىنى ساچىبان، مەستانىدۇر بۇ كەكلىك.
ئۆز ئىچىدە ئۇرۇشدا، قاچماي بىردەم تۇرۇشدا،
مەيدان ئارا سۇقۇشدا، قەھرىماندۇر بۇ كەكلىك.
جانۋەرلەر ئىچىندە شىجائەتلىك بەھادۇر،
ئۇرۇش ئارا بۇ غەيۇر مەردانەدۇر بۇ كەكلىك.
بولۇپ غافىل زىكردىن ئاخىر تۇزاقغە تۇشكەي،
غافىل بولۇپ قەفەسكە بەندى بولغان بۇ كەكلىك.
غافىل بولۇپ ئەللاھدىن، جۇدا بولۇپ ۋەتەندىن،
غەرىب بولۇپ ئۆلكىگە تۇشۇپ قالغان بۇ كەكلىك.
دائىم قەفەسدە بەنددۇر، ئۆز ھالىغە ھەيراندۇر،
يۈرەكى غەرىق قاندۇر، فەرياد قىلۇر بۇ كەكلىك.
ئۆز ۋەتەندىن ئايرىلىپ، چىرايلارى سارغارىپ،
قەفەس ئىچرە بۇ غەرىب، ئەفغان قىلۇر بۇ كەكلىك.
بىيدار بولۇپ سەھەردە، «ھەق» دەر بىچارە ھەردەم،
دائىم سەھەردە بەردەم ئاشىق ئېرۇر بۇ كەكلىك.
ئۇرۇپ قەفەسكە ئۆزنى، قىزارتىبان بۇ كۆزنى،
تەۋبە قىلىپ قەفەستە نىدا قىلۇر بۇ كەكلىك.
دائىم سەھەر بىيدارى، تىلەپ ئەللاھ دىيدارى،
قىلۇر ھەمىشە زارى، نەۋا قىلىپ بۇ كەكلىك.
ئۇچۇپ دائىم ھەۋادە، سەير قىلىپ سەمادە،
غافىل بولۇپ دۇنيادە، بەسكى تۇشكەن بۇ كەكلىك.
كەكلىك دائىم دەر ھەقنى، ئايتۇرلار بۇ سەبەقنى،
ئول خالىقى بەرھەقنى ئىزلەپ يىغلار بۇ كەكلىك.
بۇ ھەم ئاشىق دىسەڭىز، جانۋەرلەر ئىچىندە،
تۈننى كۈنگە ئۇلايدۇر يىغلاپ مۇدام بۇ كەكلىك.
زاھىرىدە «ۋاق - ۋاق» دەر، باتىنىدە، «بىل ھەق» دەر،
«ئەي خالىقى مۇتلەق» دەر، فەرياد قىلىپ بۇ كەكلىك.
بىلىڭ كەكلىك دىۋانە، بۇ غەفلەتتىن بىگانە،
ئەجەب قۇشتۇر دىۋانە، سەمەندەردۇر بۇ كەكلىك.
پەرى ئانىڭ جەندەدۇر، خۇدايىمغە بەندەدۇر،
كۆيگەن بۇ ئىشق ئوتىندە دىۋانەدۇر بۇ كەكلىك.
ئايا كەكلىك بىچارە، سەن قىلماغىل كۆپ زارە،
يۈرەكىمدۇر مىڭ پارە، كۆيدۇرمەگىل، ئەي كەكلىك.

دائىم «ھەق» دەپ يىغلارسەن، يۈرەكىمنى داغلارسەن،
ئۆلدۈرۈشنى چاغلارسەن، سەن كۆيدۈرۈپ، ئەي كەكلىك.
ئىمىن ھاجى كەم ئەقىل، ھوشيار بولۇپ ئۆزنى بىل،
بىدار بولۇپ يىغلاغىل، بەمىسلى ئۆشبۇ كەكلىك.
بۇ كەكلىكنىڭ شەئنىگە ھاجى ئىمىن سۆزلەدى،
دىدارى ھەق كۆزلەدى سايراپ دائىم بۇ كەكلىك.

* *

ئىمىن ھاجىنىڭ قۇمرىنىڭ شەئنىگە ئايغان سۆزلەرى. بەرادەرلەر، قۇمرى ھەم ئاشىق قۇشدۇر.

بەرادەرلەر، قۇلاق سال، يىغلاپ «ھۇۋ» دەر بۇ قۇمرى،
ئۆز ھالىغە ھەمىشە يىغلاپ «ھۇۋ» دەر بۇ قۇمرى.
قۇمرى سەھەردە ياتماس ئۇمرىن غەفلەتكە ساتماس،
«ھۇۋ» دەپ سەھەردە ياتماس، بىدار يۈرۈر بۇ قۇمرى.
قۇمرى ئۆزى ئاگادۇر، ھەردەم دىلدا ئەللاھدۇر،
ئايتۇر دائىم: يا غەفۇر، ۋەقتى سەھەردە قۇمرى.
قۇمرى تىلەكى دىدار، دائىم يىغلاپ قىلۇر زار،
كۆيدۈرمەگىل مېنى نار، دەبان يىغلار بۇ قۇمرى.
قۇمرى ئۆزى دەئنادۇر، خۇب چىرايلىق رەئنادۇر،
بىل بوينىدا رىندادۇر دەرۋىش ئېرۇر بۇ قۇمرى.
قۇشلار ئىچرە پىر ئىشان، كۆڭلى دائىم پەرىشان،
يىغلاپ ئايتۇر «يا مەۋلان» ۋاقتى سەھەر بۇ قۇمرى.
تۈن كېچەلەردە ياتماس، «ھۇۋ - ھۇۋ» دەبان زىكر ئېتىپ،
زىكرى سەنا تىلىدا، زاكىر بىلىڭ بۇ قۇمرى.
قۇمرى ئەجەب چىرايلىق، تىللا قەفەسكە لايىق،
ئەجەب قۇشدۇر ئول سادىق، مەردانەدۇر بۇ قۇمرى.
«ھۇۋ - ھۇۋ» دېسە ئۇشۇل قۇش يەرۇ ئاسمان قىلۇر جۇش
قىلۇر سەھەردە جۇنبۇش «ھۇۋ - ھۇۋ» دەبان بۇ قۇمرى.
قۇمرى ئۆزى رەئنادۇر، سەھەرلەرى ئاگادۇر،
ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر، نەۋا قىلىپ بۇ قۇمرى.
قۇمرى ئۆزى كۆپ ياۋاش، ھەق يادىغە بۇل يولداش،
دائىم يىغلار كۆزى ياش، ھەيرانەدۇر بۇ قۇمرى.
ئايتۇر قۇمرى دوستى «ھۇۋ»، ھەردەم ئايتۇر «ئەللاھۇ»،
زەبانىدە «يا بەرۇھ» ئايتىپ يۈرەر بۇ قۇمرى.
قۇمرى دائىم يىغلايدۇر، يۈرەكنى داغلايدۇر،

خۇب ئۆزىنى چاغلايدۇر، ھۇشيارىدۇر بۇ قۇمرى.
ھەق يادىغە كۆپ ھېرىس، قۇشلار ئارا بۇ رەئىس،
بەرادەرلەر، سەھەرخىز، ئاشىق ئېرۇر بۇ قۇمرى.
ھەق يادىدا يىغلىغان، يۇرەكنى داغلىغان،
مەھكەم بېلىن باغلىغان، مەردانەدۇر بۇ قۇمرى.
ئىمىن ھاجى، يىغلاغىل، يولغە ئۆزۇڭ چاغلاغىل،
مەھكەم بېلىڭ باغلاغىل، بەمىسلى ئۇشبۇ قۇمرى.

* *

ئەي بەرادەرلەر، دۇنيادا چۈغۈندەك دېگەن بىر جانىۋار بار ئىمىش، ئۆزى كىچىك. ئول قۇش بولسە ۋەيرانەئى ئاشىق ئىمىش، ئۆزى چۆللەرنى، ۋەيران بولغان ئىمارەتلەرنى مەكان قىلۇر ئىمىش. ئول جانىۋار بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەس ئىمىش. دۇنيادا ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىماس ئىمىش: «بىر يىل بولسە ئون ئىككى ئاي، تۆرت فەسل ئىكەن. ھەرقانچە ئۆمۈر كۆرسەم تۆرت فەسلدىن زىيادە يوق ئىكەن، بۇ تۆرت فەسلنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ شۇم نەفسىمنىڭ ئارقىغە كىرىپ گۇناغە ئالۇدە بولغاندىن، ۋاقتىلىغراق كەتكەن ياخشى ئىكەن» دەپ ئاللاھ تائالادىن: «خۇدايا، ماڭا بىر يىلدىن زىيادە ئۆمىر بەرمەگىل» دەپ تىلەپ ئىكەنلەر.

بەرادەرلەر، ئەجەب قۇشدۇر چۈغۈندەك،
ئەجەب ھۇشيار قۇشدۇرلار چۈغۈندەك.

يۇرەر دائىم، بىلىڭلار، چۆل - بەيابان،
ئۇچار قۇشلار ئىچىندە كاتتە ئىشان،
ئەجەب رەئنا ئىكەندۇر، ئەقلى فەراۋان،
بەرادەرلەر، چۈغۈندەك مىسلى بىر جان،
خۇدانىڭ ئاشىقىدۇرلار چۈغۈندەك.

بۇ قۇش بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆمىر كۆرمەس،
بۇ دۇنياغە دىلىنى ئەسلا بەرمەس،
خۇدانىڭ ئىشقىدە دائىم يۇرەر مەست،
مۇدام ماتەمدەدۇر ھەرگىز بۇ كۇلمەس،
خۇدا دىدارىغە ئاشىق چۈغۈندەك.

چۈغۈندەك، دوستلار، ۋەيرانىنى خالار،
كى ئابادىن ئۆزىن چۆلگە فالار،
ياتىپ بىر كۇنجىدە ئاللاھغە يىغلار،
يانا ئىشق ئوتىدە ئاللاھغە يىغلار،
ئەجەب دىۋانە قۇشدۇرلار چۈغۈندەك.

چۈغۈندەك بىل ئەجەب ئاقىل زەماندۇر،
بەرادەرلەر، بۇ قۇش بىل مىسلى جاندۇر،
بىلىڭ ئاشىق قىيامەتدە ئەماندۇر،
بىلىڭ غەفلەتدە ياتقان كۆپ ياماندۇر،
ھەمىشە مەستى مۇستەغرەق چۈغۈندەك.

يۇرەر ۋايرانەدە دائىم چۈغۈندەك،
مۇدام ئۆز ھالىغە يىغلار چۈغۈندەك،
ئۆزىن خۇش قىلىپ ۋەيرانەلەردە،
باشىن تۆبەن سالىپ دائىم بۇ غەمدە،
ئۆزىنى ماسەۋا قىلغان چۈغۈندەك.

ئېلىڭ ئىبرەت چۈغۈندەكدىن، ئايا جان،
بۇ دۇنيا فانىيدۇر، ئەي ئەقلى فۇردان،
مۇسۇلمانلار، ئوقۇڭ دائىم بۇ قۇرئان،
خۇدايىمدىن تىلەڭلەر نۇرى ئىمان،

خۇدا زىكرىغە مەشغۇلدۇر چۇغۇندەك.
چۇغۇندەك، سەن بەمىسلى جان ئىكەنسەن،
ئەجايىب ئاقىلۇ ھۇشىيار ئىكەنسەن،
بۇ يوللاردە ئەجەب مەردان ئىكەنسەن،
ھەقىقەتدە يەنە فۇردان ئىكەنسەن،
مۇدام زىكرىغە مەشغۇلدۇر چۇغۇندەك.

بۇ ئابادىن ئۆزىن چۆلگە ئالغان،
يانا ۋەھمى ئۆلۈمدە غەمدە قالغان،
ئۆزىنى تېز بىلىك باقىغە ئالغان،
يانا يوقدۇر ئانىڭدەك غەمدە قالغان،
ئەجايىب بىنەۋا قۇشدۇر چۇغۇندەك.

ئايا، ھاجى ئىمىن ھۇشىيار بولغىل،
مۇدام يىغلاپ يانا غەمدىن قۇتۇلغىل،
بۇ دۇنيادا مۇدام ماتەمىن بولغىل،
ھەمىشە غەمدە بولغىل، غەمدە بولغىل،
ھەمىشە يىغلاغىل مىسلى چۇغۇندەك.

* *

ھاجى ئىمىننىڭ ئاق قۇچغاچ شەئنىگە ئايغان ئەشئارلارىدۇر. قۇچغاچ بولسا ھەم ئاشىق قۇشدۇر، بۇلاردىن ئىبرەت ئالايلىك.

بەرادەرلەر، بىلىڭلار، دىۋانەدۇر ئاق قۇچغاچ،
ئەقلى بىرلە ھۇشىدىن بىگانەدۇر ئاق قۇچغاچ.
ئابى ھەياتنى ئىچكەن ھۇشىياردۇر ئاق قۇچغاچ،
ئۆزى كىچىك جانى چوڭ مەردانەدۇر ئاق قۇچغاچ.
فەرياد قىلىپ سايرايدۇر، ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر،
يۈرەكىنى داغلايدۇر، يىغلاپ دائىم ئاق قۇچغاچ.
ۋىرد ئايتۇر ئاق قۇچغاچ ئارام ئالماي سەھەردە،
خۇدايىمغە يىغلايدۇر ۋەقتى سەھەر ئاق قۇچغاچ.
ۋۇجۇدى بىل كىچىكدۇر، بىل غەيرەتى ئانىڭ زور،
ئۆزى كىچىك باھادۇر، باغەيرەتدۇر ئاق قۇچغاچ.
قۇچغاچ سايرار كۆپلەشىپ، بىر دەرەخكە توپلاشىپ،
تۇرۇمتايىنى كۆرگەندە توزۇپ كېتەر ئاق قۇچغاچ.
سەھەرلەردە ۋىچىرلاپ ئوقۇر دائىم دۇرۇدنى،
ئارام ئالماي بىر نەفەس دۇرۇد ئايتۇر ئاق قۇچغاچ.
غافىل بولسە زىكرىدىن تۇرۇمتايغە ئۇچرىغاي،
غافىل بولۇپ زىكرىدىن سەيد بولغاي ئاق قۇچغاچ.
ئابى ھەياتنى ئىچكەن ئۇمرى ئۇزۇن بۇ قۇشنىڭ،
ئۇزۇن ئۇمرى دۇنيادا كۆرگەن بىلىڭ ئاق قۇچغاچ.
ئۇمرى ئۇزۇن بۇ قۇشنىڭ فەقەد ئاباد بولالماس،
سەبەب نېدۇر بىلىڭلار ئاباد بولماس ئاق قۇچغاچ.
ئىچىپ ئابى ھەياتنى بەنا قويغان سەبەبدىن،
ئۆز ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتەر بىلىڭ ئاق قۇچغاچ.
فىكر ئەيلەپ بۇ سۆزنى ھاجى ئىمىن سۆزلەدى،

ئۆزۈڭنى بىل، ئەي غافىل، نې كارىڭ بار ئاق قوچغاچ.
ئىمىن ھاجى بۇ سۆزنى ئويلاپ بىر ئاز سۆزلەدى،
تۆكسە ئابى ھەياتنى ئىچىپ ئالغان ئاق قوچغاچ.

* *

غىرىب ھاجى ئىمىننىڭ لاچىننىڭ شەئنىغە ئايغان ئەشئارلارى:

ئۇچار قۇشلارئىچىدە ئەجەب سەفا بۇ لاچىن
ئۇچۇپ يۈرگەن جاندارغە ئارام بەرمەس بۇ لاچىن.
رەھىم نەدۇر بىرەھىم يامان، زالىم بۇ لاچىن،
تۇئمەسگە ھەمىشە كەبۇتەر يەر بۇ لاچىن.
ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇپ دائىم يۈرەرلەر،
ئاجىز قۇشنى ئىزلەرلەر يۈزى قارا بۇ لاچىن.
كەبۇتەرگە ئامان يوق بۇ لاچىننىڭ دەستىدىن،
كەبۇتەرنىڭ ھالىغە رەھىم ئەيلەمەس بۇ لاچىن.
ھەق يادىدىن بۇ غافىل مۇدام قوساق كويىدا،
شۇم نەفسىنىڭ كويىدا ئاۋارەدۇر بۇ لاچىن.
ئۇچۇپ يۈرۈپ ھاۋادا نەفسىگە قىسىلادۇر،
كەبۇتەرنى ئۇرارلار ئەجەب زالىم بۇ لاچىن.
كەبۇتەرنى كۆرگەندە ئۇرار ئۆزنى بىل ئاڭا،
كەبۇتەرنىڭ گۆشىگە ئەجەب ئاشىق بۇ لاچىن.
ئۆز جانىغە جەبر ئېتىپ ئاجىز قۇشنى ئىزەرلەر،
ھىچ تويمايدۇر گۆشلەرگە قارنى يامان بۇ لاچىن.
ئەجەب زالىم بۇ لاچىن، بەرادەرلەر، بىلىڭلار،
پەرۋا قىلماس ئۆلۈمدىن كۆڭلى قارا بۇ لاچىن.
كەبۇتەرنى كۆپ يەيدۇ، ئاڭا جەبرى ئەيلەيدۇ،
«ئەل قىساسى مىنەل ھەق» بىلىپ قويغىل، ئەي لاچىن.
كۆپ تەمەننا قىلماغىل، سەندىن چوڭ ھەم قۇش باردۇر،
قارا قۇشنىڭ قولىغە تۇشۇپ قالما، ئەي لاچىن.
ئاجىز قۇشنى ئەزمىگىل، ئاڭا زۇلۇم قىلماغىل،
قارا قۇشنىڭ قولىدا نابۇد بولما، ئەي لاچىن.
ئىمىن ھاجى، تەۋبە قىل، ئۆتكەن ئىشغە ھەمىشە،
ھاجى ئىمىن ياماندەك قولىغە تۇشمە، ئەي لاچىن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن بۇۋىمەريەم شېرىپ خوشتار شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە،
دىلبەر شاھمەردان خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد مەكتىپىدە)

# تۇيۇق ۋە ئەسھابۇل كەھف

راجە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

تۇرپان بىر سېھىرلىك ماكان. بۇ ماكاننىڭ سېھرىي كۈچى ئۇزاق تارىختىن تاكى بۈگۈنگىچە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. نۇرغۇن سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، ئارخېئولوگلار بۇ زېمىننىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ تارتىشى بىلەن بۇ يۇرتقا كېلىپ، بۇ زېمىننى دۇنيا خەلقىگە تونۇتتى. تۇيۇق، تۇيۇق چوڭ جىلغىسى ۋە ئەسھابۇل - كەھف تۇرپاندىكى قەدىمىي مەشھۇر، جەلپكار جايلار جۈملىسىدىندۇر.

تۇيۇق —— تۇرپان ۋادىسىدىكى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى پىچان ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر يېزا. بۇ يېزا پىچان ناھىيەسىنىڭ غەرب تەرىپىگە، تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. تۇيۇقنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 89 گىرادۇس 41 مىنۇت 39.4 سېكۇنتقا، شىمالىي پاراللېل 42 گىرادۇس 51 مىنۇت 50 سېكۇنتقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر تۇيۇق ۋە تۇيۇق چوڭ جىلغىسى ئىلگىرىكى سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇش بىلەن ساياھەتچىلەرنى بارغانچە جەلپ قىلماقتا.

تۇيۇق چوڭ جىلغىسى شەرقتە پىچان ناھىيە بازىرىغا 46 كىلومېتىر، غەربتە تۇرپان شەھىرىگە 47 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇبتا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىگە 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇيۇق چوڭ جىلغىسى نەچچە يۈز كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئىدىقۇت تېغىدىكى ھەرقايسى جىلغىلار ئىچىدە مەدەنىيەت تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە ۋە كۆركەم جىلغا ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمىي تۇيۇق چوڭ جىلغىسىنىڭ شىمال تەرىپى 312 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بويىغا جايلاشقان تۇيۇق سۇبېشى كەنتىگە، جەنۇب تەرىپى تۇيۇق يېزىسىدىكى مازارئالدى كەنتىگە تۇتىشىدۇ. جىلغىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا بولغان ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. جىلغا ئىچىدە ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بار، چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 831.7 مېتىر. تۇيۇق جىلغىسى ئىدىقۇت تېغىنى شىمالدىن جەنۇبقا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، جىلغا ئارىسىدىكى تار يولدا كۈندۈزى ماڭسىڭىز ناھايىتى سۇرلۇك ۋە ۋەھىملىك تۇيۇلىدۇ.

تۇيۇق چوڭ جىلغىسى ئۇزاق قەدىمدە ئىدىقۇت دىيارىدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم - مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، بۇددىزم تارىخىدا ئوينىغان رولى ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ سىرلىق تۇسكە ئىگە جاي. تۇيۇق جىلغىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە تاشلار، جىلغا ئىچىنى بويلىغان ھەيۋەتلىك ئىپتىدائىي مەنزىرىلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە 16 بەگلىك دەۋرىدە قېزىلغان «تۇيۇق مىڭئۆيلىرى»، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مەسچىت، «تۇيۇق ئەسھابۇل - كەھف»، «تۇيۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى »، «قەدىمكى تۇرلار» ۋە يەنە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار. ھەيۋەتلىك تۇيۇق چوڭ جىلغىسىنىڭ تەبىئىي

مەنزىرىسى «يالغۇز ئوغۇلنىڭ پاۋىنى»، «يالغۇز ئوغۇلپايى»، «يالغۇز ئوغۇل يۈدۈگەن تاش»، «يالغۇز ئوغۇلنىڭ كەتمىنىنىڭ بۇرجىكى تەگكەن جاي»، بۇ جاينىڭ ھەيۋەتلىك جىلغىسى، ئۇزۇن تارىخى، ئۆزگىچە مەدەنىيەت تۈسى، رىۋايەت ئىزنالىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇزۇن مەنبەلىك سېرىق تۇپراق مەدەنىيىتى بۇ يۇرتتىكى ياپيېشىل بوستانلىق بىلەن بىرىكىپ، تۇيۇق جىلغىسىنىڭ سىرلىق، ئۆزگىچە، ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەچكە، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. رۇسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىدىن رۇسىيەلىك بوتانىك رېگېر (雷格尔) 1879 - يىلى بۇ يەردە كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆرگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 1883 - يىلى رۇسىيەلىك دوبرووۋسكىي كېلىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب، قوليازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. رۇسىيەلىك ئارخېئولوگ كلېمىنتس 1897 - يىلى بۇ يەرگە كېلىپ تام رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. 1903 - يىلى ياپونىيەلىك كىزۇيتورو (桔瑞超)، نومورا ساكامىسى (野村荣三) ئىككىسى ئەنجۇخان (443 - 450) كۆچۈرگۈزگەن «بۇددا ئېيتقان بۇدساتۋالىق سۇترىسى» (佛说菩萨经) نى ياپونىيەگە ئېلىپ كەتكەن. 1905 - يىلى گرىيونۋېدېل، فون لېكوك ۋە ياردەمچىسى باتاس قاتارلىقلار بۇ يەردىكى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. فون لېكوك شۇ يىلى ۋە 1907 - يىلى 35 ئادەمنى ئىشقا سېلىپ رەسىملەرنى ئويۇپ ئالغان ۋە خۇپپىيانەخانىدىكى نوملارنى ئېلىپ كەتكەن.

تۇيۇق ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۇيۇق سۇبېشى كەنتىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر توپىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىسپاتلار تېپىلغان. يەنە «تۇيۇق ئەسھابۇل - كەھف» غارى ئىچىدىن 3500 — 6000 يىللار ئاۋۋالقى چەكمە رەسىم ئويۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان تاش تەڭنە، تاش ئىت قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى قىنىغا جايلاشقان تۇيۇق مىڭئۆيلىرى قاتارلىق بۇ ماددىي پاكىتلار ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تۇيۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 - 5 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆل - باياۋاندا غىل - پال كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۆڭلۈكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دۆڭلۈكلەردىن قەدىمكى ئىنسانلار ياسىغان تاش قوراللار بايقالغان. بۇ تاش قورال مەدەنىيەت ئىزناسى بايقالغان ئورۇننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەرقىي مېرىدىيان 89 گىرادۇس 39 مىنۇت 21 سېكۇنتقا، شىمالىي پاراللېل 42 گىرادۇس 47 مىنۇت 34 سېكۇنتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاش قوراللار بايقالغان ئورۇننىڭ كۆلىمى 25 مىڭ كىۋادرات مېتىر بولۇپ، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جاينىڭ ئاستىغا بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى تۇيۇقلۇقلارنىڭ قەدىمكى قەبرىلىرى جايلاشقان. ئۇ يەردىن شەكلى ئۆزگىچە، پارقىراپ تۇرىدىغان مىس بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، قەدىمكى مەدەنىيەتنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىدىقۇت تېغى تىزمىسىنىڭ تۇيۇق جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنىڭ غەربىگە جايلاشقان تۇيۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى بار. بۇ قەبرىستانلىق تۇيۇق غوجام مازىرى ئەسھابۇل - كەھفنىڭ يېنىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 60 مېتىر كېلىدۇ. تۇيۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى بەزى قەبرىلەر تەبىئىي ھالدا ئېچىلىپ قالغان ۋە ياردائىڭلىقتىن پارچە - پۇرات ئۇستىخانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەزىبىر قەبرىلەرنىڭ ئېغىزى كېسەك بىلەن ئېتىلگەن، بەزى قەبرىلەرنىڭ ئېغىزىدا قىرلانغان پارچە كېسەكلەر بار. بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن دەسلەپكى قەدەمدە 15 قەبرە ئېنىقلانغان. قەبرىلەر ئاساسەن تەبىئىي شەكىللەنگەن غولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ھەم ياردائىڭلىقتا بىر كىچىك ئىشىك ئېچىلغان ۋە چوڭراق بىر قەبرە قېزىلغان. بەزى قەبرىلەردە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بار. ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن جەسەت قويىدىغان ساپال تاۋۇت بار، ھەمدەپنە بۇيۇمى يوق قەبرىلەردە پەقەت پۇت - قوللىرى يىغىلغان بىرلا جەسەت بار. قەبرە ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى

يۇمىلاق تورۇسلۇق بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بار. بۇ قەبرىستانلىق بەلكىم تۇيۇق مىڭئۆيىدىكى راھىبلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قەبرىلەرنىڭ مىڭئۆيلەرنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى قەبرىلەر، دەپ بېكىتىلگەن.

تۇيۇق جىلغىسى ئەتراپىغا قەدىمكى ئىزلار كۆپ جايلاشقان بولۇپ، جىلغىنىڭ شىمالىي ئېغىزى يەنە باشلىنىش نۇقتىسى بولغان تۇيۇق سۇ بېشىدا غوز، قوس دەۋرگە تەۋە قەدىمكى قەبرىلەر بايقالغان بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە «تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى»دىن كىروران گۈزىلىگە ئوخشاش «سۇبېشى گۈزىلى»نىڭ قۇرۇق جەسىتى ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقىلىپ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى سۇبېشى مەھەللىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىغا، تۇيۇق جىلغىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تۆپىلىككە جايلاشقان، شىمالىي تەرەپتىكى بىر تاغ ئېغىزىدىن باشقا ئالاھىدە بەلگە يوق. قەبرىستانلىق تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يارداڭلىقتىن تاغقىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئېقىن بار. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 752 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى خېلى ياخشى ساقلانغان. قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ئاز ساندىكى بىرنەچچىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتى داۋامىدا قېزىلغان. باشقا قەبرىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئالتۇن قازغۇچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قەبرىستانلىق رايوندىن نۇرغۇنلىغان يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى، ھەر خىل رەڭلىك ساپال پۇچۇقلىرىنى، ئادەم سۆڭەكلىرىنى ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بار. شەرقىي، شىمالىي تەرەپتىكى قەبرىلەر ئۇزۇن، چاسا شەكىلدىكى تىك لەھەتلىك قەبرىلەر، بۇ قەبرىلەرنىڭ قەبرە ئۆيى قەبرە يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.8 مېتىر، قەبرە ئېغىزىدىن يان ئۆيگىچە بولغان چوڭقۇرلۇقى 2.4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.3 مېتىر كېلىدۇ. سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئىككىنچى بىر خىل قەبرىلەر ئۇزۇن، چاسا شەكىللىك تىك لەھەتلىك قەبرىلەر بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.85 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.85 مېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر كېلىدىغانلىرىمۇ، سەل تېيىزراق كېلىدىغانلىرىمۇ بار. تۇيۇق سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىن ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكى، كىگىز پارچىلىرى، يۇڭ ئىشتان، ھەر خىل رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپال پۇچۇقلىرى قاتارلىق بۇيۇملار يىغىۋېلىنغان. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىلغان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئۆلچەپ بىر تەرەپ قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ 3300 يىل ئىلگىرىكى قەبرىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تۇيۇق سۇبېشىدىن بايقالغان يەنە بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان قاچىلاردا گۈل نۇسخىسى، ئۈچ بۇرجەكلىك نۇسخىسى، يانتۇ سىزىقلىق ئۈچ بۇرجەك نۇسخىسى، قاچا لېۋىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سىزىلغان ئۈچ بۇرجەك گۈل نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. قاچىنىڭ سىرتقى قىسمىدا ئەگرى سىزىق گۈل نۇسخىسى بار. قاچىلارنىڭ قۇلىقى تۈز قۇلاق، تاشمىسىمان قۇلاق ۋە كەڭ قۇلاق قاتارلىق شەكىللەرگە ئايرىلىدۇ. قاچىلاردىن يەنە

تىك ئېگىزلىق ۋە يانتۇ كالپۇكلۇق قاچىلارمۇ بار. بۇلاردىن باشقا تاۋاق بار. بۇ تۇيۇق سۇپىسى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 — 5 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلگەن. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى بىلەن تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تۇيۇقتا دىيارىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن بايقالغان تاملىرىغا رەسىم سىزىلغان بۇددا غارلىرى، يەنى «تۇيۇق مىڭئۆيلىرى» ساقلىنىپ كەلمەكتە. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇيۇق بۇددا غارلىرى خارابىسىدە جەمئىي 94 غار بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنگىچە 46 سى ساقلىنىپ قالغان. بۇ غارلار تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر ئېچكىرىسىدىكى 80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك يارغا جايلاشقان. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى جايلاشقان ئورۇننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 89 گرادۇس 42 مىنۇت 41 سېكۇنتقا، شىمالىي پاراللېل 42 گرادۇس 59 مىنۇت 52 سېكۇنتقا توغرا كېلىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى جىلغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغنىڭ قاپ بېلىگە ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قەۋەت قىلىپ ئويۇلغان بولۇپ، غارلار غۇلاپ چۈشكەنلىكتىن شەرقىي جەنۇبىي رايون ۋە غەربىي شىمالىي رايون دەپ ئىككى رايونغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي جەنۇب رايونىدا تۆت غار، غەربىي شىمال رايونىدا 12 غار بار. جىلغىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ئويۇلغان ۋە كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان 16 غار بار. بۇلاردىن باشقا، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ جەنۇبىدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تاغنىڭ قاپ بېلىدە بىرمۇنچە غارلارنىڭ خارابىلىرى بار. شەرقىي جەنۇب رايونىدىكى غار چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۈستىگە گۈمبەزلىك تورۇس چىقىرىلغان، ئوتتۇرىسىغا ئېگىز مۇنبەر ياسالغان، تۆت تېمىنىڭ ئەگمىسى بار. گۈمبەز تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نىلۇپەر، تۆت تەرىپىگە تۆت قۇر يول، ھەر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇددا تام رەسىملىرى سىزىلغان. گۈمبەز شىپىنىڭ تۆت بۆلۈكىگىمۇ بۇددا رەسىملىرى سىزىلغان. سول، ئوڭ ۋە ئارقا تاملىرىدىكى رەسىملەر يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن بولۇپ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ئوتتۇرا قەۋەتكە بۇددا قىسسىسى رەسىملىرى، ئۈستۈنكى قەۋەتكە بۇددا رەسىملىرى سىزىلغان. غەربىي شىمال رايونىدىكى 12 غاردىن ئۈچ غار بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولۇپ، غارلاردا ئاددىي تام سۈرەتلىرى بار. مەركىزىدە چاسا تۈۋرۈكى بولغان ئالتە غارنىڭ تورۇسىغا ئۆزئارا چېتىلغان تۆت كاتەكچە سىزىلغان. جىلغىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى 16 غاردىن ساقراق قالغان بىرى بار. ئۇنىڭدىكى قالدۇق بۆلەكلەر ۋە لەخمىنىڭ تورۇسلىرىغا ئۆزئارا چېتىلغان تۆت گۈل ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا نەقىش سىزىلغان. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى تارىختا چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، غار ئىچىدە ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يازغان بىر قىسىم خەتلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ جايدىكى بۇددا غارلىرى قايتا ياسالغان. شۇڭا، بۇ جايدىكى غارلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ساقلىنىپ قالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى فون لېكوك بۇ جايدىن 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ ھۆججەتلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرى بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋردىكى تۇرمۇشنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان توققۇز مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇيۇق غارلىرىنى قوغداش ئىشى ھەقىقىي تۈردە ئېلىپ بېرىلدى، بىراق بۇ چاغدا 90% غار گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تۇيۇق مىڭئۆيلىرى باي ناھىيەسىدىكى قىزىل مىڭئۆيى ۋە تۇرپاندىكى بېزەكلىك

مىڭئۆيلىرىدىن قالسىلا، مۇھىم بۇددا مىڭئۆيلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، تارىخ ئۇنتۇلمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، تۇيۇقتىكى قەدىمكى چەكمە رەسىم ئويۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان تاش تەڭنە، تاش ئىت قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان بىر غار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ توختىماي قېزىلىشى بىلەن ئىسلام تۈسىگە ئىگە سىرلىق نىقابلىق «تۇيۇق ئەسھابۇل ـ كەھف»كە ئايلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. تۇيۇقتىكى «ئەسھابۇل ـ كەھف» تۇيۇق جىلغىسىدىكى بىر تۆپىلىككە جايلاشقان. «ئەسھابۇل ـ كەھف» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «غاردا ياتقان كىشىلەر»، «غار ساھابىلىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تاغ قاپتىلىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر غار بولۇپ، ھازىر غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا گۈمبەزسىمان قورۇلۇش ياسىلىپ، ياغاچ رىشاتكا بىلەن توسۇۋېتىلگەن. مۇشۇ غاردا ئالتە ساھابە قالدۇرۇپ كەتكەن كالتەك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا كىمكى شۇ كالتەكنى سىيلىسا، بالا ـ قازادىن خالاس بولىدىكەن. بۇ غارنىڭ «تۇيۇق ئەسھابۇل ـ كەھف»كە ئايلىنىشىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قوچۇ شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى «دەقيانۇس» بولۇپ، بۇ شەھەر «دەقيانۇس شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. دەقيانۇسنىڭ كۆچى زورايغانچە ئۆزىنى ئۇلۇغ چاغلاپ، ئۆزىنى «تەڭرى» دەپ جاكارلاپتۇ ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپتۇ. بۇ ئىش پۈتكۈل ئالەمگە تاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يەمەن پادىشاھىنىڭ بەش ئوغلى بۇ «تەڭرى»نى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن دەقيانۇس شەھىرىگە كېلىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ، دەقيانۇسنىڭ ھىيلىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، تەڭرى ئەمەسلىكىنى پاش قىپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن دەقيانۇس نۆكەرلىرىگە ئۇلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. بەش يىگىت شەرققە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يول بويىدىكى بىر پادىچى بىلەن ئىتىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئالتىسى قېچىپ ھازىرقى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا : «باشقا ياققا ماڭساق تۇتۇلۇپ قالىمىز، ئەڭ ياخشىسى جىلغىنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچايلى» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمى «تۇيۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ساھابىلەر جىلغىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىر كارامەت يۈز بېرىپ، تۇيۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي يان باغرىدا بىر غار پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئالتە ئادەم ۋە ئىت غارغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن غارنىڭ ئاغزىغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، كۆك كەپتەرلەر ئۇۋا ياساپ ساھابىلەرنى يوشۇرۇپتۇ. دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى بۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىپ، قاچقۇنلارنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. ئالتە ساھابە، بىر ئىت ئۆڭكۈرگە شۇ كىرىپ ياتقانچە 396 يىل ئۇخلاپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قورسىقى ئېچىپ، نان سېتىۋالماقچى بولۇپ سىرتقا چىقسا، ناۋايلار ئۇلارنىڭ ئۇسۇپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىغا، قوللىرىدىكى كونا يارماقلارغا قاراپ ھەيران قېلىپ: «بۇ يارماق دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىكى يارماقلار ئىكەن» دېيىشىپتۇ. تەڭرى بۇ ساھابىلەرنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆڭكۈر ئىچىدىن غايىبانە يول بېرىپ، ئۇلارنى يەمەنگە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ساھابىلەر ئاشۇ غار ئىچىدە، ھازىرمۇ غار ئىچىدە، ئۇيقۇدا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى رىۋايەت بولۇپ، ئىسلام دىنى تۇرپانغا تارقالغاندىن كېيىن «ئەسھابۇل ـ كەھف» مازىرىغا ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر سېلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي زىيارەتگاھىغا ئايلانغانىكەن. «قۇرئان»دىكى بىر ئايەتتە غار ۋە غاردا ياتقان ساھابىلەر ھەققىدە زىكىر قىلىنغان. تەپسىر كىتابلىرىدا «ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. 17 ـ ئەسىردە ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ سەردارى ئافاق خوجا سۇلۇك تەرىقىتىنى تارقىتىش سەپىرىدە «ئەسھابۇل ـ كەھف» مازىرىغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغان.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جاينىڭ نامى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولۇپ، مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان ھەمدە «كىچىك مەككە» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كىشىلەر قەدىمكى غارنى «ئەسھابۇل - كەھف»كە باغلىغاندەك، «تۇيۇق»كە دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئەسھابۇل - كەھف»نىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلايدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرىدىن تېپىلغان «قوچۇنىڭ ئايماق خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «تۇيۇق» نامى خەنزۇچە « 丁谷窟 » (دىڭگۇكۇ) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «دىڭگۇكۇ مىڭئۆيلىرىدە بۇتخانىلار ۋە ئىبادەتخانىلار كۆپ، ئۇ شىمالدا لىيۇجۇڭ (ھازىرقى لۈكچۈن) ناھىيەسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تاغ (تەڭرىتاغ) بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 چاقىرىم كېلىدۇ، غەربكە 20 چاقىرىم ماڭسا، ئاستانىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانىلار تاغقا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان. بۇ يەرلەرنىڭ ئەتراپى بوك - باراقسان ئورمانلىق، ئىبادەتخانە، ئىبادەتخانىلار كۆپ، ئادەملەر ئېغىزنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرىدۇ. بايرام، مۇراسىملاردا ھەر خىل ئۇچقۇن چىقىرىدىغان رەڭلىك ساليۇتلار ئېتىلىدۇ. بۇ كۈنى ئاي، يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىبادەتخانە يېنىدا ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە ئۆتكىلى بولىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، مۇئەللەقتىكى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدۇ.» مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا دىنى گۈللەپ راۋاج تاپقان تۇيۇقنىڭ قىياپىتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلار ھازىرمۇ ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تاغ باغرىدا بولۇپ، ئەينى زاماننىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. تۇيۇق ئېغىزىنىڭ تەبىئىي جايلىشىش ئەھۋالى بىلەن «قوچۇنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى بايان قىلىنغان ئەھۋاللار پۈتۈنلەي ئوخشاش.

دىڭگۇكۇ دېگەن بۇ سۆز ھازىر «تۇيۇق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە نامى بولۇپ، دىڭگۇكۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «غولدىكى ئاھالىلەر، ئېغىزدىكى ئاھالىلەر، جىلغا ئىچىدىكى ئاھالىلەر» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «دىڭگۇكۇ» بىلەن تۇيۇقنىڭ ھازىرقى خەنزۇچە نامى « 吐峪谷» نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

مىلادىيە 925 - يىلى يېزىلغان قەدىمكى خوتەن (ساك) تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا سەپەر خاتىرىسى» (ياكى «خېشى كارىدورىغا سەپەر خاتىرىسى») ناملىق بىر يازما يادىكارلىقتا شىنجاڭنىڭ بەزى يەر نامىلىرىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ھۆججەت 73 قۇر بولۇپ، شۇ دەۋردىكى خوتەن پادىشاھى ۋىساسامپاتا تەرىپىدىن ساكجۇغا ـــ ھازىرقى دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان دوكلاتىنىڭ كوپىيەسى. بۇ يادىكارلىقتا شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرىغا ئائىت ئىزاھاتلار كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ يەر نامىلىرىغا ئائىت ئىزاھاتىنىڭ 24 - سىدە «تۇيۇق» يۇرت نامىغا «تىتى ياكا» دەپ ئىزاھات بەرگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «تۇردۇم سالىنىڭ ئىبادەتخانە ياساتقانلىق ئابىدىسى» بايقالدى. بۇ خاتىرىدە «ئاق كۆڭۈل، بەختىيار كىشىلەرنىڭ ساخاۋىتى، قوچۇ ئېلىنىڭ مەركىزى بولغان تۇيۇقتىكىلەرنىڭ قوللىشىغا نائىل بولغان» دېگەن بايانلار بار.

يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، 9 -، 10 - ئەسىرلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە «تۇيۇق» دېگەن بۇ ئۇيغۇرچە يۇرت نامى ئالىمقاچان قوچۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، خەنزۇچە خاتىرىلەر ۋە باشقا يېزىقتىكى مەنبەلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر پەرق، ئۆزگىرىشلەر بولغان.

بۇ ماكان ئەنە شۇنداق تارىخ بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سىرلىق ھەم جەلپكارلىقى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىپلا قالماي، تەتقىقات ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. تويۇق ۋە تويۇق جىلغىسىدا بۇ ماكانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرمۇ خەلق ئىچىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، بۇ ئانا زېمىننىڭ سىرلىق، ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەرمەكتە. خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «ئەسھابۇل - كەھف»، «يالغۇز ئوغۇلنىڭ پاۋىنى»، «يالغۇز ئوغۇلنىڭ چىراغپايى»، «يالغۇز ئوغۇل يۇدۇغەن تاش»، «يالغۇز ئوغۇلنىڭ كەتمىنىنىڭ بۇرجىكى تەگكەن جاي» قاتارلىق رىۋايەتلەرنى ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ئىزنالىرىنى تويۇقتىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلىدۇ. بىز ئاشۇ رىۋايەتلەردىن «يالغۇز ئوغۇلنىڭ چىراغپايى» دېگەن رىۋايەتنى كۆرۈپ باقايلى.

تويۇق ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۆزلەڭلىكتە چىراغپايغا ئوخشاش بىر تاش بار بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا بۇ ھەقتە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق:

ھازىرقى تويۇق ئېغىزى ئەسلى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇبىدا ياشاپ ئۆتكەن يالغۇز ئوغۇل تاغ قاپتىلىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇنى كۆرۈپ، تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سۇ بارلىقىنى بىلىپتۇ ھەم ئاشۇ سۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتقا باشلاپ بېرىش ئۈچۈن تاغدىن ئېغىز ئېچىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ ئۆز مەقسىتىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور غەيرەت بىلەن كېچە - كۈندۈز ئىشلەشكە كىرىشىپتۇ. يالغۇز ئوغۇل كېچىسى ئىشلەش ئۈچۈن چىراغ يېقىپتۇ. ئاشۇ «چىراغپاي» يالغۇز ئوغۇل تويۇق ئېغىزىنى ئېچىشتا ئىشلەتكەن چىراغنى قويۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تاش ئىكەن.

رېئاللىق بىلەن رىۋايەت گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ زېمىندا ئاشۇ ئۇزۇن تارىخنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تويۇق جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان تويۇق مازار ئالدى كەنتى رىۋايەتلەردىكىدەك سىرلىق تۈسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ شاھىدى بولۇپ، بىزگە ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن تارىختىن قىسسە سۆزلەپ بەرمەكتە. بۇ كەنتتە يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە بار بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە رەسىم - قائىدىلىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردە يەنە لۈكچۈن خوجىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرىي، ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانى، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زوھۇردىن ھاكىمبەگ، 1930 - يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما، دىنىي ئالىم ھەمدۇللا داموللا قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى بار.

قىسقىسى، تارىخ، تەبىئەت، رېئاللىق، رىۋايەت گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ زېمىندا ئۇزۇن تارىخ، نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، مەدەنىيەت، دىن، ئۆرپ - ئادەت، تىل قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت بايلىقى ساقلانماقتا. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف» دېگەن ئەسىرىمۇ مانا مۇشۇ زېمىنغا بېغىشلانغان، مۇشۇ زېمىندا بارلىققا كەلگەن «ئەسھابۇل - كەھف» رىۋايىتىنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى بەدىئىي ئەسەر نۇقتىسىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بولۇپلا قالماي، تويۇقنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، تويۇقنى تونۇتۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تويۇق ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق سېھرىي كۈچى بىلەن تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندى. شۇڭا، ھازىر بۇ يەرگە ھەر يىلى نۇرغۇن

ساياھەتچىلەر، زىيارەتچىلەر، كىنو ـ فىلىم ئىشلىگۈچىلەر، رەسساملار، فوتوگرافلار كېلىپ، تۆيۈقنىڭ ئەنە شۇنداق رېئاللىق، تەبىئەت، تارىخ، رىۋايەت گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن ئىلھام، ھۇزۇر ئېلىپ قايتىشماقتا.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

(بېشى 95 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان، جەدىتچىلىك ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ، تۇنجى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىغان بۇ ئۇلۇغ يول باشچىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشى، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ھاياتىدىكى زىيىنى ھەقىقەتەنمۇ زور تارىخىي تېررورلۇق ئىدى. بۇ گويا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك «كىشىنى ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋىجدان نەپرىتىنى قوزغايدىغان پاجىئە بولدى.»①

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى ۋە ئىدىيەسىگە زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. پىروفېسسور ئازاد سۇلتان، جاك مىلك، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئابدۇقادىر داموللام مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەت پائالىيەتچىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرىپەت ھەرىكىتىدە، ئابدۇقادىر داموللام باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر نۇرلۇق چولپان ۋە يول ئاچقۇچى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلانغان.»②

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا)

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 373 ـ بەت. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قوشنىسى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاھ ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، ئابباس ھاجىم، خەلپەت ھاجىم، ئاخۇنباي ھاجىم دەپ بەش قوشنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىي، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. مەسىلەن، شاھ ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى مەتيۇسۇپ ھاجىم ئىلىنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى مائارىپ ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. شاھ ھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەتلىئاخۇننىڭ ئوغلى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا پولكوۋنىك، 1955 ـ يىلدىن كېيىن گېنېرال مايور ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شاھ ھاجىمنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئوغلى مەتىمىن تونۇلغان زىيالىي ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىمىدۇر. ئابباس ھاجىمنىڭ ئوغلى ھاشىم ئاقساقال قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدىن ئۆچتۇرپانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆچتۇرپاننىڭ 1930 ـ يىللاردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە باشلامچى بولغان. بۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەم مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئابدۇسالام ئابباس زامانىمىزدىكى تونۇلغان تەرجىمشۇناس ۋە تىلشۇناس ئالىمدۇر. خەلپەت ھاجىمنىڭ ئوغلى مەتىمىن خەلپەت ھاجىيوف دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ئاخۇنباي ھاجىمنىڭ ئەۋرىسى گۈلناز ھازىر نيۇيوركتىكى «دۇنيا بانكىسى» دا بانكىر.

② ئازاد سۇلتان، جاك مىلك، نۇرمۇھەممەت زامان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 11 ـ ۋە 13 ـ بەت.

ئەيساجان مەمەت

# مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتى ھەققىدە قىسقىچە ئىزدىنىش

ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇقەدەم يۈكسىلىپ، مۇكەممەللىشىپ بېيىپ كەلدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار، ئاتاقلىق تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، شائىر ـ يازغۇچىلار، دراماتورگ، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي، تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچى، ئالىم، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە جامائەت ئەربابى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار ساقلانمىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئەدىبنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتلاردا بىرنەچچە تۈرلۈك كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1138 ـ يىلى (مىلادىيە 1721 ـ يىلى) قەشقەردە موللا شاھ ئەلى ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن... ھىجرىيە 1266 ـ يىلى (مىلادىيە 1849 ـ يىلى) قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىنغان. بۇ خىل قاراش ئابدىرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2 ـ قىسىم 2 ـ كىتاب)، غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» قاتارلىق ماتېرىياللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى، موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1138 ـ يىلى (مىلادىيە 1725 ـ 1726 ـ يىللىرى) قەشقەر ياۋاغ مەھەللىسىدە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1266 ـ يىلى (مىلادىيە 1850 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى Ⅲ»، غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى Ⅱ» قاتارلىقلاردا مۇشۇ خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۈچىنچى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1740 ـ يىلى قەشقەردە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1849 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ مەلۇماتلار «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «بۇلاق»

ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق ئومۇمىي 14 ـ سانىدا ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن نەشرگە تەييارلىغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر»نىڭ كىرىش سۆزىدە، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئى. سەيدۇللايېۋنىڭ «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك مىراسى» ناملىق ماقالىسىدە، س. موللائۇدوۋ يازغان «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» ، «جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت مەجمۇئەسى»، ليۇ گوشياڭ تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، ئىمىنجان ئەخمىدى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئالىمنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاساسەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ خىل قاراشلارغا مەركەزلەشكەن ۋە هازىرغا قەدەر بۇ خىل كۆز ـ قاراشلار يەنىلا شۇ پېتى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان ئەدىبنىڭ «ئادابۇسالىهىن سالىهىن» ناملىق ئەسىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى يەنىلا 1740 ـ يىلى دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىرىنچى خىل قاراش بىلەن ئىككىنچى خىل قاراش ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ھىجرىيە يىلىنى مىلادىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ئوخشىماسلىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوخشاشلا 1725 ـ، 1726 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 1850 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېگەن قاراش ئىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئالىمنىڭ هاياتى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ھەتتا بەزى مەنبەلەردە، مەسىلەن، ليۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى»، گاۋ ۋېندې باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جوڭگو مىللەتلەر تارىخى مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا ئەدىبنىڭ ياشىغان ۋاقتى 1685 ـ يىلدىن 1765 ـ يىلغىچە دەپ ئېلىنغان. مۇشۇ بىر قاتار قاراشلار سەۋەبىدىن، ھەتتا بەزى ماتېرىياللاردا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئاتلىق ئەدىبتىن ئىككىسى پەيدا بولغان. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ خۇددى ئىمىنجان ئەھمىدى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندەك «پاكىت ئاساسى ئېنىق ئەمەس» ئىدى. ئۇنداقتا ئەدىب زادى قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ بۇ ھەقتە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئۆز ئەينى ۋارىسلىق قىلىش، بىر خىل ئاساسىي بولمىغان كۆزقاراشلارنى تەكرارلاۋېرىش ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزغا خىلاپ، شۇڭا بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالىمنىڭ هاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە هازىرچە بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئالىمنىڭ هاياتى ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات ھىجرىيە 1252 ـ يىلى (مىلادىيە 1836 ـ يىلى) ئالىم تەرىپىدىن قەشقەر ئوپال ئازىقتىكى «ھەزرىتى موللام» (مەھمۇد كاشغەرىي) مازىرىغا تەقدىم قىلىنغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابنىڭ ۋەخپەنامىسىدە ئۇچرايدۇ. ۋەخپەنامىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

[ھىجرىيە 1252 ـ يىلى (كالا) يىلى ئۇلۇغ رەجەب ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى شەرىئەتنىڭ تۆۋرۈكى بولغان قەشقەر ۋىلايىتى قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، تۆۋەندە مۆھرۈمنى باسقۇچى مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى 114 ياشقا كىرگەن تەندۇرۇس هالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم،

ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۇپلەپ، ۋاراقلىرىغا ئىجتىھات قەلىمى بىلەن زىننەت بېرىپ يېزىلغان قىممەت باھالىق ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكۈم بولغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق سەھنىسىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە ئەبەدىي سەدىقە (قىلدىم).

بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپە قىلغان) ئىلىم ـ مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە، سۈزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتائىلە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن (ئوغلى) مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەخپە قىلىنغان مەزكۇر كىتابىمغا باش شاگىرتىم موللا ئەيد خەلىپەت موللا ئېۋەز ئوغلىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھرۈمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۆلىما ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا ئابدۇرەھىم نىزارى، نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق، ئوپالدىن زەيدىن قۇرۇلبىگى قاتارلىقلار گۇۋاھتۇر.

مۆھۈر:

داڭلىق ئۆلىما، دەۋرىنىڭ ئالىمى موللا سادىق شاھ ئەلا ئوغلى.

(مۆھۈر ھىجرىيە 1208ـ يىلى ئويۇلغان)].

مانا بۇ ۋەخپەنامىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1722 ـ، 1723 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىدە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز ئائىلىسىدە ئالغاندىن كېيىن، قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان «مەدرىسەئى ھامىدىيە»گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن سىرت، تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىسەنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ياش تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش، ئىلىم مۇتائىلە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

مۇشۇ جەرياندا ئالىمنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئاۋام ئىچىگە كەڭ تارقالغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇر، ئەتراپلىق، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ، ئېقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ھاكىمى مىرزا ئوسمان بەگ ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتقان، ھەمدە ئالىم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا خوجىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر

تەزكىرە يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بېكەممۇ موللامۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى يېزىشقا دەۋەت قىلىپ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئىستىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان موللامۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تېزلا تۇتۇش قىلىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ كىتابنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنگەن مىرزا ئوسمانبەگمۇ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، مىرزىلىققا سالىدۇ. كېيىن مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ ئورنىغا تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭ قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭمۇ ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىلمىي پەزىلىتىگە قاراپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىدە داۋاملىق قالدۇرىدۇ.

زامانىسىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىلى بويىچە تونۇلغان ئالىمى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 10 - ئەسىردە (839 — 923) ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەپپەر مۇھەممەد بىننى جۇۋەيرى بىننى زەيىت تەبەرىنىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تاكى ئاپتور ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئائىت تۆت توملۇق «تارىخى تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەۋر رېئاللىقىغا ماسلاشتۇرىدۇ ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىدىكىسىگە قارىغاندا بىرقەدەر تولۇقلىغان ئاساستا، ئىجادىي، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ ھەمدە ئەسەرگە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ھامىيلىق قىلغان ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نامىنى بېرىپ، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى ۋە شاھلار تاجنامىسى) دەپ ئات قويىدۇ. ئەدىب مۇشۇ يىللاردا يەنە ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەركەن (سەئىدىيە) خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر كوراگان (1501 — 1551)نىڭ داڭلىق ئەسىرى — «تارىخى رەشىدىي» (1542 - يىلدىن 1546 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان)نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى، ئىستىداتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردە ۋايىغا يەتكەن، تەمكىن، دەل سۆزلۈك، ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاپ توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان، قەشقەردىكى داڭلىق ئالىم - ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھرى ئادالەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەردە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە شائىر قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم ساھەسىدە كۆپلەپ شاگىرت يېتىشتۈرگەندىن سىرت، يەنە ئەينى زامانىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىقلار بىلەن ئىلمىي ئىشلاردا ھەمكارلىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىدۇ. جۈملىدىن، ئىلىم ئەھلىلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ

ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارزۇسىدا، ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق مۈلكى بولغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا زىيارەتكە چىققان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇتلەق ۋەخپە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن 170 نەچچە يىل بۇرۇن، يەنى ھىجرىيە 1252 ـ يىلى (مىلادىيە 1836 ـ يىلى) يازغان ئاشۇ ۋەخپە خېتىدىكى: «بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە ‹مۇتلەق ۋەخپە قىلغان› ئىلىم ـ مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن ‹ئوغلى› قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە، سۆزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتائىلە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن ‹ئوغلى› مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» دېگەن مۇشۇ جۈملىلەر ئالىمنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، شۇنداقلا، ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن (1830 ـ يىللاردىن 1849 ـ يىلىغىچە قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان)نىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىنەم يەر ئېچىش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىپ ۋە كېڭەيتىپ، يەرسىز دېھقانلارنى يەر ـ سۇغا ئىگە قىلىدۇ. ھىجرىيە 1254 ـ يىلى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سوقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ زور ئەمگەك كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق قۇرۇلۇش بولغاچقا، ھەممىلا ئىشىدا خەلقنى ئويلايدىغان، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي خەلقنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر قىسىم يۇرت ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە زوھۇرىدىن ھېكىمبەگكە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىشى بىلەنلا، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قاتارلىقلاردىن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلىپ، ئەسلىدىكى شەھەر سېپىلىنى كېڭەيتىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر سېپىلىنى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تۆرەيا باغدىكى، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى باغلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن سوقتۇرۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۆچ ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن ئالىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھىجرىيە 1266 ـ يىلى (مىلادىيە 1850 ـ يىلى) 128 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

(ئاپتور بايىنغولىن رادىيو ئىستانسىسىدا)



يالقۇن روزى

# 20 - ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى

ئىسلاھات ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يورۇق تېما. ئىسلاھات — ئۆزگەرتىش دېمەكتۇر، يەنى ۋاقتى ئۆتكەن كونا تۈزۈم، كونا مەدەنىيەت ۋە كونا ئىدىيەلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە باي يېڭى تۈزۈم، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئىدىيەنى يارىتىش ياكى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ شەكلى كۆپ خىل، ئۈنۈمى پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق ئورتاقلىقى شۇكى، بارلىق ئىسلاھات ئىنتايىن مۇشكۈللۈك ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا، ئىسلاھاتچىلار ئالدى بىلەن قورقماس جاسارەتكە، يىراقنى كۆرەر پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان ئادەمنىڭ ئىسلاھاتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق داڭلىق ئىسلاھاتچىلار دەل مۇشۇنداق ساپاغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەردۇر. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى، مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۈپ ساپاغا ئىگە زات ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەدىتلىك ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاتار مەرىپەتچىلىرى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ئىدىيەۋى ئېقىم پەيدا قىلالىغانمۇ، يوق؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەدىتلىك ئىدىيەسىگە ئىگە مەنىۋى يول باشچىلار بارلىققا كەلگەنمۇ، يوق؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى قانداق تەسىر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان؟ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە مىللىي ئېڭى قاچاندىن باشلاپ ئويغانغان؟ بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەن بۇ ماقالىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەدىتلىك پائالىيەتلىرىنى بىرقەدەر مەنتىقىلىق رەۋىشتە بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام دەۋرى بولغان 1910 - يىللاردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يورۇتقاندا، بۇ مەسىلىلەرگە بىرقەدەر روشەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلامىيەت تارىخىدا 18 ~ 19 - ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بولغان تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، قەدەممۇ قەدەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقى ھېسابتا بىرى يوقىتىلىپ، بىرى لىڭشىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان. بۇ ئەسىرلەردە يەنە ئىسلامىيەتنىڭ

ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بېرى يامراپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن، بولۇپمۇ سوپى ـ ئىشانلار گۇرۇھى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە سالجىدەك چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىۋەتكەن، تەركىدۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. سوپى ـ ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى زور تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىزدىنىش ۋە كۈرەش جاسارىتى كەمچىل، مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ جامائەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، تەركىدۇنياچىلىق كەيپىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بارا ـ بارا خارۇزارلىق كوچىسىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان بىپەرۋا جامائەتكە ئايلانغان. قىسقىسى، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن. «بۇ، سوپىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى تامامەن ئۇلارنىڭ بوياقلىرى بىلەن بويىلىپ كەتكەن. قەيەردە شەھەر ياكى يېزا بولىدىكەن، ئۇ يەردە سوپىلار بار ئىدى.» ①

دېمەك، ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى ئېغىر تارىخىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغان مۇشۇ دەۋرلەردە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھاكىم مىللەتلەر ھېسابلىنىدىغان ياۋروپا ئەللىرى كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ كۈچەيگەن، ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپ ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتقاندى. ئۇلارنىڭ توپ ـ زەمبىرەك بېكىتىلگەن كېمە ـ پاراخوتلىرى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ يېڭىدىن يېڭى مۇستەملىكە زېمىنلارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق ھەم سېھىرلىك ھېسابلىنىدىغان شەرق ئۇلارنىڭ بويسۇندۇرۇش، تالان ـ تاراج قىلىش نىشانى ئىدى. ئۇلار بۇ نىشانلىرى ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن تىنىمسىز بەسلىشەتتى، بولۇپمۇ قارا نىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن چارروسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بەس ـ بەستە زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا كەينى ـ كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۈمىد چىرىغى بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكسىز ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقاندى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخىي كۆلەپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخىي شان ـ شۆھرىتىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مىللىي ئەرك ـ ھوقۇقىنى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللىي داھىيلار بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆلەپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەقەززا قىلدى. 19 ـ

① ما فۇدې: «يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتى ـــ ۋاھابىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 119 ـ بەت. ما فۇدې بۇ نەقىلنى ئەلى نەجىبنىڭ «ھجرىيە 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئېتىقاد ۋە ئىلىم ـ پەن كىرزىسى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ئەرەبچە كىتابىدىن ئالغان. بۇ كىتاب مەككە گۈزەللىك كۇتۇپخانىسى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە روسىيەلىك تاتار مەرىپەتچىلىرى ۋەكىللىكىدىكى مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىسلامىيەت دۇنياسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش قوڭغۇرىقىنى چالدى.

ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتى يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى مۇھىم تۈرتكە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى زامانىمىزدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگۈي ئېيتقاندەك: «ئىسلام مىللەتلىرى ئاجىزلاشقان ۋە قۇل قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مىللەتلەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى»، «ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە تىنىماي كۈرەش قىلىش روھى شەرق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى گۈللىنىشىگە يېتەكچى بولدى». تېخىمۇ توغرىراقى، «ئۇلارنىڭ تەلىمى تالاش - تارتىشسىز ھالدا شەرقتىكى ئىدىيە گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.»[1] 19 - ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋى مۇتەپەككۇر ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار «بىرەر ئىسلام دۆلىتىگە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىدىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاب يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇۋېتەتتى.»[2] ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئويغىنىشىنى ئارزۇ قىلىش ھەم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت. «مۇشۇ تەشەببۇس ئاساسىدا، ئۇلار سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ساھەدىكى بىرقاتار چوڭ مەسىلىلەردە پەيلاسوپنىڭ مەنتىقىي چوڭقۇرلۇقى ۋە باتۇرلۇقىنى، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى، دىنىي ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئۇچۇق - يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى.»[3] ئۇلار مەسىلىنى رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلار تەبىئىي پەن روھى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تەبىئىي پەن روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن «خۇدا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ بىرى ‹قۇرئان›، يەنە بىرى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت، بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم»[4] دېگەن. ئۇلار يەنە مۇنداق قارىغان: «كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاتارىغا ھەر خىل تەركىبتىكى كىشىلەر كىرىپ، ھەر خىل ئىدىيە فورماتسىيەلىرىنىمۇ ئېلىپ كىرىپ، ھەر خىل غەيرىي ئەقىدىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، كۈچلۈك تەسىر ۋە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئەسلىدىكى ئەقىدە ۋە پرىنسىپلاردىن چەتلىتىۋەتتى. دىندا پائال كۈرەش قىلىدىغان روھ تۈگىدى. كۈنلىقىقا يېپىشىۋېلىش، پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ‹نېسىۋىسى› بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقان ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قالدى.» شۇڭا، ئۇلار «ئىسلاھاتنى دىندىن باشلاش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش

---

① سەي دېگۈي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام - ئەرەب پەلسەپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 128 -، 132 -، 129 - بەتلەر.

② شۇۋۇخ دايىق: «مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 128 - بەت.

③ جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە چېن جياخۇ، ئەن ۋېيخوا، لىو گوجاڭ، گۇ چياۋچياۋ، لىن فىڭمېن قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 100 - بەت.

④ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 363 - بەت.

كېرەك، دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنى دەۋرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنى تونۇشقا، بۈگۈنكى دۇنيادا قاتاردا تۇرماقچى بولىدىكەن، جاپالىق ئىشلەشكە، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا ۋە قۇرۇشقا، ئۆتكەنكى شان ـ شۆھرەتنى مەدھىيەلەش بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەستىن، ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى؛ دىن بىلەن پەننىڭ، دىن بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. ئۇ يەنە پەن بىلەن دىن زىت ئەمەس، دىن پەننى ئىنكار قىلمايدۇ، پەنمۇ دىننى ئىنكار قىلمايدۇ، دەلىللەش پىرىنسىپى بىلەن قانۇن چىقىرىش پەرقلىنىدۇ، ئەمما يەكۈنى ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار پەن بىلەن دىننى قارىمۇقارشى قىلىپ قويماي، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشى لازىم، دەپ قارىدى.»①

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاڭ ئويغىنىشىغا ماس قەدەمدە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئىسلاھات ئىدىيەسى شەكىللەندى. بۇ خىل ئىدىيە جەدىتچىلىك دەپ تەرىپلەندى. جەدىتلىك زامانىۋىلىشىش، يېڭىلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا، ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن ـ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى رۇسىيەنىڭ قىرىم ھەم ئىدىل ـ ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىلار ئىدى. ئۇلار تۈركىي خەلقلەر دۇچ كەلگەن تارىخىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، قىرىم يېرىم ئارىلى، ئىدىل ـ ئۇرال بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ھەقىقىي ئويغىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى، نېمىنىڭ زالالەت، نېمىنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان خەلققە كېلەچەكنىڭ داغدام يولىنى كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەندى. ئۇلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، چارروسىيە ھاكىمىيىتى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى.

زادى قانداق قىلغاندا كىرىزىس ئېڭىنى ئويغىتىپ، زاماننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، ھۆرىيەت روھىنى شەكىللەندۈرگىلى، خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىپ، ئەقىدىنى ساپلاشتۇرغىلى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەرىپەت روھىنى تىكلىگىلى، خارلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ، گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئاخىرىدا قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دىنىي مۇتەپەككۇرلار بىلەن مىللىي داھىيلار پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي ـ ئارزۇدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زاماندىاش مەشھۇر شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىي ھەزرەتلىرى (1856 — 1925) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا

① سىي دېگۈي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام ـ ئەرەب پەلسەپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 126 ـ بەت.

دېگىنىگە ئوخشايتتى.[1] ئەپسۇسكى، ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەسەرلەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيىتى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى روشەن يورۇتۇلمىغان. شۇڭا، سىستېمىلىق باغلىنىش يوق بولۇپ قالغان. بىر ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈشتىن ۋە مۇئەييەن باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزدىنىش، دەلىللەش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە باسقۇچلارنى سىستېمىلىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئابدۇقادىر داموللام 1870 ـ يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە ئابدۇۋارىس ئىسمىلىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.[2] مەشھەد ــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىي دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن ساخاۋەتچى بايلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپكى مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرىتى سۇلتان مەدرىسەسى» دە ئالغان.[3] يېشى 20 لەرگە

① «تەجەللى شېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 104 ـ بەت.

② ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغان يىلى (1924 ـ يىل 8 ـ ئاي) ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇلغان يىلى توغرۇلۇق ھەر خىل ئۇچۇر بار. شائىخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشر قىلغان «دىن لۇغىتى» دە ئېنىق ئەمەس دېگەن مەنىدە سوئال بەلگىسى قويۇلغان. خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى يازغان، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىيوگرافىك روماندا 1862 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن. نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) دا 1862 ـ يىلى دەپ يېزىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دە 1862 ـ يىلى دەپ يېزىلغان. تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت 1999 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئابدۇقادىر داموللام ۋە «مىفتاھۇل ـ ئەدەب»» ناملىق ماقالىسىدە ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ ، 1855 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قايتا بېسىلغان «تەجۋىد تۈركىي» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1881 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇ يىلى، شۇ جايدا بېسىپ تارقىتىلغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابىدا ئا. ئەزىزى دېگەن كىشى 1862 ـ يىلى دەپ، مۇھەممەد ئىمىن ئىسلامى ھىجرىيە 1281 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ــ 1865) دەپ، مۇھەممەد قاسىم ئىمىن 1881 ـ يىلى دەپ ھەر خىل يازغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللاردا 1862 ـ تۇغۇلغان دەپ ئومۇملىشىپ قالغان. مېنىڭچە ئابدۇقادىر داموللام 1870 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئابدۇقادىر داموللام 1916 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئۆزى ھەققىدە «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. شۇ ماقالىدا «دەسلەپكى ئوقۇشۇم قەشقەر ناھىيەسى ئۆز ۋەتىنىم ئارتۇش قەسەبەسىندە بولدى. كېيىن قوقاندا ئىككى يىل ئوقۇدۇم، ھىجرىيە 1309 ـ يىللاردا بۇخاراغا باردىم. ئۇ يەردە يەتتە ـ سەككىز يىل ئوقۇدۇم» دەپ يازغان. ھىجرىيە 1309 ـ يىلى مىلادىيە بويىچە 1890 ـ ياكى 1891 ـ يىلى بولىدۇ. بىز ئابدۇقادىر داموللامنى يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا ساۋاق ئېلىشقا باشلىغان دەپ قاراپ، ئاتۇش بىلەن قوقاندا ئوقۇغان ۋاقتىنى قوشۇپ 12 ــ 13 يىل دەپ پەرەز قىلساق، بۇخاراغا بارغاندا 20 ـ 21 ياشلاردا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا 1870 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىردىكى ئۇچۇر ئاساسىدا چىقىرىلغان بۇ مەنتىقىي يەكۈننى شەمشىنۇر خانىمنىڭ ئاغزاكىي ئۇچۇرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلدى. شەمشىنۇر خانىم 1951 ـ يىلىدىن بېرى غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئايال بولۇپ، ئۇ ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچراپ ياندۇرقى يىلى تۇغۇلغان ھەم دادىسىنىڭ ئىسمى قويۇلغان ئوغلى ئابدۇقادىر داموللامغا 1947 ـ يىلى ياتلىق بولغان. شەمشىنۇر خانىم قېيىنئانىسى نائىلە خانىمنىڭ خىزمىتىنى 1977 ـ يىلى نائىلە خانىم 97 يېشىدا قازا قىلغانغا قەدەر قىلغان. ئاشۇ 30 يىل جەريانىدا نائىلە خانىم ئابدۇقادىر داموللامدىن 42 يېشىدا تۇل قالغانلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغاندا 54 ياشتا ئىكەنلىكىنى، ئۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى قەشقەر، ئاتۇشتا چوڭ يېرى تەۋرەپ (1902 ـ يىل 8 ـ ئاي)، ياندۇرقى يىلى تۇغقانلىقىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن. شەمشىنۇر خانىم بۇ ئۇچۇرلارنى ماڭا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئوغلى مۇرات ئابدۇقادىرنىڭ ئۆيىدە 2010 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، 78 يېشىدا سۆزلەپ بەردى. شەمشىنۇر خانىم ساغلام، زېرەك، خاتىرىسى كۈچلۈك، تەبىئىتى پاكىز ئايال ئىكەن.

③ ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى «ئابدۇقادىر داموللام ۋە «مىفتاھۇل ـ ئەدەب»» ناملىق ماقالىسىدە، ئابدۇقادىر داموللام 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇغان دەپ يازغان. لېكىن، ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى ھەققىدىكى «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدا ئاتۇشتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، قوقەندكە چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغانلىقىنى، ئۇ يەردىن بۇخاراغا بېرىپ سەككىز يىل ئوقۇغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان. شۇڭا، قەشقەردە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇلاشقاندا قوقەندكە چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. چۈنكى، 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بۇخارا ئىسلام دىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسەلەر توپلانغان جاي ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام»① دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش ۋە قوقەندتە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە چوڭقۇر مەلۇمات ئېلىپ قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، مەنتىق، ھېساب ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ بۇخارادا مەۋلانا ئابدۇرەززاق، بۇخارا مۇپتىسى ئەۋەز خوجەندىي، قوقەندنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان.②

ئابدۇقادىر داموللام 1907 ــ 1909 ـ يىللىرى بۇ ئۇستازلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەلىرىدە ئۇلارنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيەلىگەن. بۇخارا شەھىرى ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى باھاۋۇددىن نەقشىبەندىي (1388 ـ يىلى قازا قىلغان) بەرپا قىلغان نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. شۇڭا، ئىسلام دۇنياسىدا «بۇخارائى شەرىف» دەپ ئۇلۇغلىناتتى. بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەريان، بۇخارادا مەدرىسە مۇدەررىسلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار يېتەكچىلىكىدىكى كۈچلۈك بىر قەدىمىيچىلىك ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، بولۇپمۇ بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىمالىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرازى دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە ئۈلگە تىكلىگەن. بۇ ئۈلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا، بۇ يەردە جەدىتلىك پىكىر ئېقىمى كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان. بۇ مۇتەئەسسىپ قەدىمىيچىلەر جەدىتلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرىكەت شەكلىدە كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇخارادىكى ئىسلام مائارىپى كېيىنكى چاغلاردا كۆپىنچە مېغىزنى چىرىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بولۇپ قالغان، بۇخارا مەدرىسەلىرى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدىغان ئىدىيەنى تارقىتىش بىلەن تونۇلغان. ئابدۇقادىر دامولللام بۇنداق قالاق مائارىپنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى 1916 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايان قىلغان: «ساپ ۋىجدانىمنىڭ ۋە بەزى ھەقىقەتچى زاتلارنىڭ سۆز ـ سۆھبىتى ھەم يول كۆرسىتىشلىرى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلۇماتىدىن، شۇنداقلا مەنتىق، كالام، پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ شەرھ ـ ھاشىيەلىرىدىن، قاتمۇقات، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان سەپسەتىلىرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن ئەقىل ـ پىكرىمنى ئازاد قىلدى.»

ئابدۇقادىر دامولللام بىلەن سۆھبەتلەر قۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن «ھەقىقەتچى زاتلار»

---

① «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام» دېگەن بۇ تەرىپنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار بولۇپ، بۇ تۇران تۇپرىقىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر (1335 ـ 1405) نىڭ سەمەرقەندنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم» (سەمەرقەند ئالەمدىن ئىبارەت ئۆزۈكنىڭ كۆزى) دەپ ماختاشقان. بۇخارامۇ مەدرىسە ـ مۇدەررىسلىرىنىڭ داڭلىقلىقى بىلەن «ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى» دەپ تەرىپلەنگەن.

② بۇ مەلۇمات ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئابدۇقادىر دامولللام ۋە «مىفتاھۇل ـ ئەدەب»» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

كىملەر ئىدى؟ بۇ ھەقىقەتچى زاتلار ھەققىدە ئابدۇقادىر داموللام ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇخارادا ھاشىيەخانلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل ۋە پىكىرىمىنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا يەنە بىر سەۋەب: بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزىي، جامالىددىن ئافغانىي ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ ھەزرەتلەرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە ـ مۇلاھىزە قىلماق ۋە ھازىرقى زاماندىكى ‹تەرجىمان›، ‹ۋاقىت›، ‹شورا›، كەبى پايدىلىق گېزىت ۋە ژۇرنال مەسىلەكلىرىگە ئەگەشمەك بولدى.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ۋە جەدىتلىك ئىدىيەسى بۇخارادىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشنى تاماملاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. تۇنجى نىكاھى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي، ئىككىنچى قېتىم مەشھەدلىك نائىلە ئىسىملىك تولىمۇ دىيانەتلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان. تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئابدۇقادىر داموللام 33 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1903 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى يېڭىدىن تۈگىتىپ كەلگەن ياش داموللا بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى ئومۇمىي ئېقىم ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ بىر خىل ھالەتتىدىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەسىر پەيدا قىلىشقا پېتىنالمىغان. چۈنكى، «ياۋروپا ئەللىرىدە مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى راسا يۈكسىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە جاھالەت، يەنى ئاق، بىلىم، پىكىردە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.»[1] ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش مەقسىتىدە 1906 ـ يىلى مەككىگە بارغان. ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا بارغان. ئۇزىنىڭ يېزىشىچە مىسىردا تاتار تالىپلارنىڭ ياردىمىدە داڭلىق مۇتەپەككۇر شەيخ رەشىد رىزا، «ئەللىۋا» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى مۇستاپا كامىل ۋە تەھزىرىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇدىرى سەييىد مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق زاتلار بىلەن پىكىرلەشكەن. ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئەدىب ـ ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ مىسىردا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ئانا ۋەتىنىگە قايتقان. ئۇ بۇ قېتىم خېلى غەيرەت قىلىپ قەشقەر ئاھالىسىنى تەرەققىياتقا ۋە جەدىتچىلىك ئىسلاھاتىغا دالالەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ياشلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ دالالەتلىرى خۇراپاتلىق، نادانلىق، قاششاقلىق، ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قاتمۇقات چاڭ ـ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەشقەر دىيارىدا ئەكسىچە ئۇنۇم بەرگەن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭغا بىردەك ئۆكتى قوپقان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى توپ زىددىيەت مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى — ساۋاق ئۇسۇلىنى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاش ـ يېڭىلىماسلىق مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىلغار زات ئىدى. ئۇ مەشھۇر تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئىدىيە ـ تەشەببۇسلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال بولغاچقا، جەدىتچىلەر قەتئىي ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. داڭلىق تاتار جەدىتچى ئالىم رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن (1858 — 1937) «ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىغا رىئايەت» دېگەن ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ «ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدىسى بۈيۈك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن. ساۋاق ئۇسۇلىغا

---

[1] مىرقاسىم گوسمانوۋ: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپرالى»، بۇ ماقالە «ئىسمائىل غاسپرالى» ناملىق تارىخىي ـ دوكۇمېنتال توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام تاتارىستاندىكى قازان «جىيىن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

رىئايە ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئېتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ زېھنىلىرىنى ئەزمەكتىن باشقا بىر پايدا كەلتۈرمەس. بالىلارنى بۇنداق مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىغا قالدۇرغان ياخشىدۇر. ھازىر تەلىم رەۋىشلىرى (ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) نى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا زامان بىزلەرنى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ زات ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۈستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چاناي ھارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىياھ قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن، بىزلەر قاچانغىچە ئەل - ۋەتەنىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتابلاردىن ساۋاق بېرمەك بىلەن بالىلارنىڭ زېھنىلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتەرمىز؟!»① ئەمما، قەشقەر ئۆلىمالىرى ئىسلاھات دېگەن ئاتالغۇغا بۇخارا مۇدەررىسلىرىگە ئوخشاشلا سوغۇق قارىغاچقا، ئابدۇقادىر داموللامنى قاتتىق چەتكە قاققان. نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇرالماي 1909 - يىلى يەنە قوقەند، تاشكەنت، بۇخارا تەرەپلەرگە يول ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارغاندىن كېيىن بۇ جايلاردىكى يېڭىچە جانلىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەن. قىرىملىق مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتى بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى. جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتاتتى. «تەرەققىي»، «خۇرشىد» دېگەن گېزىتلەر نەشر قىلىنىۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر قارىي، ئابدۇللا ئەۋلانىي، مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي قاتارلىق جەدىتچىلەر سەپنىڭ ئالدىدا رول ئوينىۋاتاتتى. ئابدۇرەئۇف فىترەت باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلەر نەچچە يىللاردىن بۇيان، بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە بۇخارا ئەمىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بېسىملىرىغا قارىماي، ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئوخشاش، سىياسىي ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ۋە ئويغىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى. قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئاللىبۇرۇن دەۋرنى يېتەكلەيدىغان ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە زىيالىيلار قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئالتە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، گېزىت - ژۇرناللارنى چىقىرىپ، كىتابلارنى نەشر قىلىپ جەدىتلىك ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ بولغانىدى. ئەھمەد ھادى مەقسۇدىي، رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن، يۇسۇف ئاقچۇرا، مۇسا جارۇللا قاتارلىقلار داھىي سۈپەت جەدىتچىلەرگە ئايلانغانىدى. بەختكە يارىشا، ئابدۇقادىر دامولام بۇخاراغا بارغان مەزگىلدە بۇخارا ئۆلىمالىرى ئىچىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرىي» دېگەن پەتىۋا ئورنىغا «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋانى مەيدانغا چىقارغانىدى. تاجىكلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى ئەدىب سەدرىددىن ئەينىنىڭ يېزىشىچە ئىسمائىل غاسپىرالى 1908 - يىلى بۇخارا ئەمىرلىكىگە زىيارەتكە كەلگەندە جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش مەسىلىسىنى

① رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن: «ئىلمى ئەخلاق» («ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرى»)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 - يىل نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى.

مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنى چاقىرغان. مۇزاكىرىدە موللا نىزامىي دېگەن كىشى بۇخارا ئەمىرىدىن مەكتەپ ئېچىشقا مەخسۇس ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىسمائىلىيە» قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئىسمائىل غاسپىرالى بۇنى مۇۋاپىق كۆرمەي بۇخارا ئەمىرى مۇزەففەرىددىننىڭ ئىسمى بويىچە «مۇزەففەرىيە» قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن. مانا بۇنىڭدىن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە ئۆلىمالار ۋە ئەمىرلەرنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپ ئومۇمىي قىزغىنلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تېز جانلىنىشىغا 1905 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا تۆت يىل ئىچىدە رۇسىيە، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار سەۋەب بولغانىدى.

1904 ـ يىلى پارتىلىغان چارروسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇپ بولۇپ، خەلقئارادا ئېغىر ئاھانەتكە قالغان. شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان پېتېربۇرگ، موسكۋا شەھەرلىرىدىكى زىيالىيلار ۋە ئىشچىلار 1905 ـ يىلى ئىنقىلاب قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق چار پادىشاھ نىكولاي II شۇ يىل 10 ـ ئايدا «ئۆكتەبىر باياناتى»نى ئېلان قىلىپ، دۇما تۈزۈمى، سۆز ئەركىنلىكى، نەشرىيات ئەركىنلىكى ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۈچ يىل داۋام قىلغان بۇ خىل دېموكراتىك سىياسىي مۇھىت رۇسىيەنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلگەن. رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە شۇ يىلى پېرسىيە، يەنى بۈگۈنكى ئىراندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن. تېھران خەلقى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھتىن باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پېرسىيە پادىشاھى 1906 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن قالغان ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ھەم مىللىي پارلامېنت تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان. «1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پېرسىيەنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مىللىي پارلامېنت يىغىنى تېھراندا ئېچىلغان. يىغىندا پېرسىيە تارىخىدىكى تۇنجى بۇرژۇئاچە ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پېرسىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت، پارلامېنت ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان، پۇقرالارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نەشرىيات، سۆز ئەركىنلىكى ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار، خۇسۇسىي مۈلۈك دەخلىسىز؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى.»[1] پېرسىيەدىكى ئۆزگىرىش ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان. بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللەنگەن مىللەت ۋە رايونلار بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. ئۇزاقتىن بېرى بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ھىندىستاندا د.گ.تىلەك (D.G.Tilak)نىڭ رەھبەرلىكىدە 1905 ـ يىلى مىللەتچى سىياسىي تەشكىلات «ھىندىستان ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. 1906 ـ يىلى دىنىي سىياسىي

[1] چىلى يۇخەي، ساۋ شىڭچياڭ: «20 ـ ئەسىردىكى دۇنيا ئىنقىلابى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 45 ـ بەت..

تەشكىلات «ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. ئاغاخان رەئىسلىككە سايلانغان، ھىندىستاندىكى بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تۈرلۈك يول بىلەن بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن. 1908 - يىلى لىڭشىپ قالغان ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى» نىڭ «قانخور سۇلتان» دەپ نام ئالغان مۇستەبىت ئابدۇلھەمىد ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان ئىنقىلابى يۈز بەرگەن. ئىنقىلاب نەتىجىسىدە مۇستەبىت سۇلتان پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قەلبىنى زەرەتلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان. ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە يۈز بەرگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان.


ئابدۇقادىر داموللام قوقان، تاشكەنت ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقاچ «جاۋاھىرۇل - ئىيقان»، «مىفتاھۇل - ئەدەب» («ئەدەبىيات ئاچقۇچى») ناملىق كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن. «مىفتاھۇل - ئەدەب» 1910 - يىلى مۇھەررىر سىراجۇددىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قوليازمىسىغا ئاساسەن تاشكەنتتىكى «غۇلامىيە» مەتبەسىدە بېسىلغان.① شۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام يەنە تاشكەنتلىك مۇرات خوجا دېگەن كىشى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «تۈركىي گۈلىستان» ناملىق كىتابقا تەكلىپ بىلەن شېئىرىي تەقرىز يازغان. ئابدۇقادىر داموللام پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن، ئىسلاھات ئارزۇسى كۈچلۈك، پەزىلىتى ئۈستۈن كىشى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىسلاھات نىيىتىنى، جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «بىدايەتۇس - سەرب»، «بىدايەتۇن - نەھۋى»، «تەسھىلۇل - ھېساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئابدۇرېھىم ئاخۇن، مەھمۇد ئاخۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قازان شەھىرىدىكى «مىللەت» مەتبەئەسىگە بېسىپ بېرىشكە ھەم قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى 1911 - يىلى ئالمائاتا ئارقىلىق تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىدا كېتىۋاتقان شەھەر — غۇلجىغا كەلگەن. بۇ يىللاردا غۇلجىدا ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار ۋە غۇلجا تەۋەسىگە يېڭىدىن كەلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللام غۇلجىدا ئىلغارلىققا مايىل داڭلىق ئۆلىما ئابدۇمۇتائالى خەلپەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا جەدىتچىلىكنى تەشۋىق قىلغان. «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشقا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.»②

① «مىفتاھۇل - ئەدەب»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

② «ئۈمىد يۇلتۇزى» — غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب، 2001 - يىلى بېسىلغان نۇسخا، 288 - بەت.

ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەردە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، ئېنى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى — «ئۇسۇلى جەدىت» (ئۇسۇلى سەۋتىيە) نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى — «ئۇسۇلى قەدىمىي» دىن كۆپ ئىلغار ھەم ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى شەكسىز تونۇپ يەتكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ جەدىتلىك ئىدىيەسى ھەقىقىي مەنىدە شەكىللىنىپ، بۇ خىل يېڭى ئىسلاھاتنى قەشقەردە ئىككىلەنمەستىن يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەم 1912 ـ يىلى قەشقەردە ئۆزى باش بولۇپ يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان.

قەشقەر گەرچە تارىختا ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچىقى سۈپىتىدە يىراق ـ يېقىنغا داڭق چىقارغان مەشھۇر شەھەر بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گويا كۆز تەگكەندەك ئەڭ قالاق شەھەرلەر قاتارىدا سانىلىدىغان بولۇپ قالغان. تاتار ئالىمى نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تارىختا ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر ـ كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن» بۇ شەھەر شۇ يىللاردا «مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز»① ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. قەشقەردە مەدرىسە مائارىپى خېلىلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن، تەلىم ـ تەربىيە ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. سەۋەبى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چولتا ئىدى. بۇنداق مەدرىسە مائارىپىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل قىلىشقا، نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت زىيادە كۆپ ئىدى. ئابدۇراخمان جامىينىڭ ئەرەب تىلى نەھۋىگە ئائىت «كافىيە» نىڭ ئىزاھى بولغان «شەرھىي موللا» كىتابىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. مۇقەددىماتى مەنتەقىيە، مەۋھۇمە يۇنانىيە دەرسلىرى كۆچەپ ئوقۇتۇلاتتى. «سەرپ»، «مۇئىزى»، «زەنجانى»، «ئاۋامىل» قاتارلىق گىراماتىكا كىتابلىرىنى بەش ـ ئالتە يىللاپ ئوقۇتاتتى. دەرسلەرنىڭ ئېچىدە ساپ ئەقىدىگە ياتىدىغان بىلىملەرگە سەل قارىلىپ تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ كىتابلىرى كۆچەپ ئوقۇتۇلاتتى. شۇڭا، قەشقەردە «گەپنى ھە دېسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىينىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەر خىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم»② سانىلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىگە ئوخشاش ئىشنى ئالدى بىلەن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىپ، مەدرىسە


تسهيل الحساب

داملا عبدالقادر بن عبدالوارث
اثريدر.

ناشرى عبدالرحيم آخوند محمود آخوند
اوغلبدر

طبع حقوقى اشريفه مخصوصدر.

قزانده.

ЭЛЕКТРО-ТИПОГРАФІЯ
Милліт
КАЗАНЬ.
1912 Г.

بۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «تەسھىلۇل ـ ھېساب» (ھېسابنى ئاسانلاشتۇرۇش)ناملىق دەرسلىك كىتابىنىڭ 1912 ـ يىلى قازاندا بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسى. بۇ كىتاب ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندىنىڭ قولىدا ساقلانغان. سۈرەتنى شۇ كىشى تەمىنلىدى.

① نۇشىرۋان يائۇشېف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 1 ـ سان.

② چۇقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 2 ـ سان، 48 ـ بەت.

مائارىپىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەل ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان. كەلگۈسىدە ئۆزىگە قول - قانات بولۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان زېھنى ئۈچۈق ياش تالىپلارنى ۋە بىر قىسىم شاگىرتلىرىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جايلارغا ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇشقا چىقىرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى 1911 - يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇرەئۇف فىترەت، ئوسمان خوجا، ئابدۇلئەزىز غولجائى، مۇقىمىددىن بەگجانى ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيىتى» ئۈستىگە ئالغان.

ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنيىچىرو «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدە «دانا ئىسلاھاتچى ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام 1912 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيەلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگ قاتارلىق ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10 — 15 ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان»① دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ روشەن ھالدا كۆچىيىپ، پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، مۇنەۋۋەر بىر جەدىتچىگە ئايلىنىشىدا قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگدىكى تاتار زىيالىيلىرىنىڭ جەدىتلىك پائالىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تاشكەنت، سەمەرقەندتىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئاڭ ۋە ئارزۇدىكى ياش ئۆلىمالارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «تىلدا، پىكىردە، ھەرىكەتتە بىرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شوئارى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئويغانغان زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غايىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلىشىش، ئىلغارلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىلغارلىق، خۇراپاتلىق بىلەن مەرىپەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئەمەلىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ھەم مۇشكۇل بولغان. بۇ جەرياندا مىللىي غايىلىرى پىشىپ يېتىلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى چاررۇسىيەنىڭ ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتارلارنىڭ زېمىنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ۋە ماددىي مەنپەئىتىگە قوشلاپ زەربە بېرىشى، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللىي خەۋپ ئاستىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن غەربنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. بۇ تارىخىي ئويغىنىشنى ئۇلارنىڭ تالانتلىق مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پائالىيەتچان مىللىي بۇرژۇئازلىرى بىرلىكتە روياپقا چىقارغان. ئۇلارنىڭ

① ئويىشى شىنيىچىرو: «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 - يىل 2 - سان، 24 - بەت.

ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيەۋى ئېقىم شەكىللەندۈرگەن. باغچە ساراي، قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا، ترويىسكى، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، جەدىتچە مەكتەپ ۋە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ تەسىرى يىراق - يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى نەشر قىلغان «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بۇ پايدىلىق ئەسەرلەردىن بەھرىمەن بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىن قايتماس» دەپ يازغان، دېمەك، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى جەدىتچىلىك ئىدىيەۋى ئېقىمىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. 1905 — 1906 - يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكىت پېتېربۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق ئىسلام قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان قارا نىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلىبىدىن تاشقىرى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى. 1906 - يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇميۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەرگەن. ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىمۇ تېزلەشكەن. مىسىردا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىيونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، دوختۇرخانا ۋە دارىلئېتاملارنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىيان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. ئۇلار «ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيەۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك»① دەپ قارار قىلىشقان.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى مەۋجۇتلۇق، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتتە بولغان ھەم «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئەۋجىگە چىققان شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغان، ئۇ بۇ جەرياندا بۇ خىل خىرىسنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ھەم نېمە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئاشۇ ئىدىيەۋى دولقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە «غۇلجىدىن يۇرتۇمغا قايتىپ، ئاۋۋالقى مەسىلەكنى داۋام ئېتىپ، ئاھالىنى جەدىتچە ئىسلاھاتلارغا ۋە تەرەققىياتلارغا تەشۋىق ۋە تەرغىب ئەتتىم» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللام «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

① جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە، چېن جياخۇ، ئەن ۋېيخۇا، لو گوجاڭ، گۇ چياۋچاۋ، لىن فېڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 242 - بەت.

« ـــ ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس (سەۋەب) نېمىدۇر؟

ـــ ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

ـــ ئىززەت، ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ـــ ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.»

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا يۇرتىنىڭ، مىللىتىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپتا، مەدەنىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇ خىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنى جەدىتلىك ئوي ـ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە ئۇيۇشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. گەرچە ئابدۇقادىر داموللام تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇ ياش ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان قالاق شەھەردە تەرەققىيپەرۋەرلىك غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوڭ كېلىپ قالغان بىرى شۇكى، ياڭ زېڭشىن 1912 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەنىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ ئىلىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇمۇل تاغلىرىنى سوراۋاتقان تۆمۈر خەلىپىنى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن گېلاۋخۇيچىلارنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمىسە، مالىيەسى قۇرۇقدىلىپ قالغان ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى غەملىمىسە بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياڭ زېڭشىننىڭ قەشقەردىكى يېڭىلىق ـ كونىلىق تالاش ـ تارتىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك چولىسى يوق ئىدى. جايلاردىكى ئەمەلدارلارمۇ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قاياققا بۇرىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇشۇپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل سىياسىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي، جەدىتلىك ھەرىكىتىنى قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل داۋام ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. لېكىن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىما ـ ئىشانلار زامانغا لايىقلىشىشقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل سىياسىتىگە ئۇيغۇن يول تۇتقان. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بىر ئادەم ئالدى بىلەن چوقۇم قەشقەردە يۈكسەك نوپۇز تىكلىشى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، قەشقەر مەشھۇر مەدرىسەلەرمۇ، داڭلىق دىنىي ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمىي شەھەر ئىدى. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زور ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا يېشى ئەمدىلا 40 تىن ھالقىغان، كۆپ يىللار چەت، ئەللەردە يۈرگەن ئابدۇقادىر داموللامدەك بىر ئالىمنىڭ مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئۆلىما ـ ئىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى روھانىي ئىبادەتلەرگىلا دۇم چۈشكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ئارتۇقچە ھەم ئېتىقادقا مۇخالىپ دەپ قارايدىغان نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن ۋە ئارقىدا قالغانلىقىدىن بىخەۋەر

ئىدى. خەۋىرى بار دېگەندىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلانغۇدەك تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن، بۇنداق قاباھەتلىك رېئاللىقتا ئېچىنغۇدەك ساپ ۋىجداندىن، خەلقنى قۇل قىلغۇچى زوراۋان زالىملارغا قارشى تۇرغۇدەك غەيرەت ـ شىجائەتتىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار يۇمشاق ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار ھېسابلىشىپ، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن دۇئا ـ تىلەكلەرنى تىلىشىپ، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە مىڭ مەرتە شۈكۈر قىلىشىپ يۈرۈۋېرەتتى. كۈلپەتلىك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاپەت كەبى كەلمىشلەرگە چارە ـ تەدبىر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تەقدىر ـ قىسمەت، ئاللانىڭ ئىرادىسى دېيىشىپ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاۋېرەتتى. بۇلارنىڭ باشچىسى جەدىتچىلىككە ئۆچمەنلىك قىلىشتا تونۇلغان ئۆلىما سېلىم داموللا ئىدى. ئۇ «تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغانىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە بىدئەتلىككە ياتىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ «يەھۇدىي ـ ناسارالار ئاللانىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار دىنىنى ئىسلاھ قىلىشا بولىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل دىن، شۇڭا ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتقان. بۇ كىشىنىڭ قەشقەردىكى ئۆچمەنلىك چىققان مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى 1914 — 1916 ـ يىللىرى قەشقەر، ئاتۇشلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا قاقشاپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن 1912 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ شاماللىرى قەشقەرگە ئەمدىلەتىن يېتىپ كېلىۋاتقان، قەشقەردە ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتلىك ئىدىيەسى مۇكەممەللەشكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭى مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنى قىزغىن قوللىغان. ئۇلار بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان. 1914 ـ يىلى ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە زور ئۈمىد باغلىغان. مەدرىسەلەرنىڭ دوگما تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى، قارىغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، جەدىتچە ئوقۇتۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەردە ئوينىغان رولى ئىلگىرىكى يىللاردا ئوينىغان رولىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. 1912 ـ يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، جايلاردىن بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى پارلامېنتقا ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغان.① بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە كۈنسايىن ئابرۇي تېپىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭىلىققا تەلپۈنگەن قەشقەر ياشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان قىرائەتخانا ئاچقان، «جەمئىيەتى ئىسلامىيە» دېگەن نامدا ئۆلىمالار كېڭەشنى قۇرغان، بۇ كېڭەشكە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن

موللا ئىسلام داموللام، ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم، خانئېرىقلىق ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلغان. «جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە» نامىدا فوند تەسىس قىلغان، «مۇتالىئە ھىدايەت» دېگەن نامدا يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان، ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ جەدىتلىك ئىدىيەسى ۋە غايىسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن پىروگراممىا خاراكتېرلىك مۇھىم ئەسىرى «نەسىھەتى ئاممىا» نى يېزىپ، 1914 ـ يىلى قەشقەردە تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ تارقاتقان. بۇ ئەسەر قاراتمىلىقى كۈچلۈك، چاقىرىق كۈچى زور، جەدىتىزىملىق روھقا باي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا ئىدىيەسىنىڭ ئىلغار، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى ۋەكىللىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەردە بۇ مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام تۈسىدىكى قالاق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ دىندىن تاشقىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ، كونا ئەندىزىدىكى قاتمال دىنىي ھاياتنىمۇ قەتئىي ھىمايە قىلمىغان. پەقەت غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە جۇشقۇن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ ئىدراكقا بىپەرۋا قارايدىغان نادان جەمئىيەتنى مەرىپەت روھىغا باي يېڭى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ زەئىپلەشكەن، بىدئەت چىرمىغان، مۇجمەل ئەقىدە ـ ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۇنى كۈچلۈك ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيەسى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا يېقىندىن يانداشمىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى قەشقەردە ئىلغارلىق تەرەپدارلىرى بولغان «جەدىتچىلەر» بىلەن كونىلىق تەرەپدارلىرى بولغان «قەدىمىيچىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ھەم زىددىيەتنى روشەن ھالدا كۈچەيتكەن، كونىلىق تەرەپدارلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە يېقىن، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا غالىب كەلگەن. ئىلغارلىق تەرەپدارلىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ موللا ـ ئىشانلارغا تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا، ھەتتا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدە قەشقەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ئۆلىما ـ ئىشانلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇ بۇ جاھىل كۈچلەرنى «ئۆلىمالار»، «چوڭلار»، «رەھبەرلەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلغان: «قايسى كۈنى دىيارىمىزدا تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. رەھبەرلىرىمىز نامىدىن مەزكۇر مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ‹لەنەتگەردى، ئازغۇنلار› دېگەندەك پەتىۋالارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى»، «بىزنىڭ تەشەببۇسلىرىمىز ئەمەلگە ئاشماي، يەككە ـ يېگانە ھالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار ئىجتىھات بىلەن قىرائەتخانا ئاچتى. چوڭلار بۇنى ‹مەزھەپ بۇزىدۇ› دەپ ياپتۇردى. ئىسلام جەمئىيىتى قۇردى. بۇنى ‹دەھرىيەت ئۇچىقى› دەپ بۇزدى. ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتى (جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە) نى قورۇۋىدى، ‹پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىغان مەركەز› دەپ تەشۋىق قىلىپ يېمىرىۋەتتى؛

① بۇ غۇلغۇلىنى 1913 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەردىن ھەم نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ 1915 ـ يىلى قەشقەردىن يازغان خەۋەر ـ ماقالىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بېيجىڭنىڭ مۇپەتتىشى خۇيزۇ ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇلرەھمان بىلەن بېيجىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇبەكرى ئاخۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۆيلىگەن.

«نەسىھەتى ئامما، ئىسىملىك رىسالىنى نەشر قىلسا «بىدئەد» دەپ پەتىۋا قىلىپ بىكار قىلدى. «مۇتالىئە
ھىدايەت»، نامىدا دىنىي، مىللىي، ئەدەبىي مەكتەپ ئاچتى. بۇنى «ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسى» دەپ
تارقىتىۋەتتى... ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ،
رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ راھەتلەرگە ئېرىشتۇق». شىكايىتىنىڭ ئاخىرىنى «راھەتلەرگە ئېرىشتۇق»
دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلىگەن ئابدۇقادىر داموللام تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىپ، شۇنىڭدىن
كېيىن «جامالىدىن ئافغانىي، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ، ئىسمائىل بەگ غاسپىرىنسكىلەرگە مۇيەسسەر
بولمىغان تەھسىن ۋە ئاپىرىنلەر بىزگە مەنسۇپ بولدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قەشقەر جەمئىيىتىدە
كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاباھەتلىك كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نەقەدەر زور جاسارەت
بىلەن بۇ جاھىلىيەت ھامىيلىرىغا روبىرو تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدە
ئۆكۈنگەن ھالدا «مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىش — ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول
كۆرسىتىشى بىلەن ياكى قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇشى مۇمكىندۇر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.
بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قالاق ھەم بېكىنمە ھالەتتە قالغان مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت
بىلەن قوراللىنىشىنى يىراقنى كۆرەر رەھبەر بىلەن جۇغراپىيەلىك ئامىلغا باغلاپ چۈشەنگەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق توغرا بىلىش كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ
مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم
ئامىل. شۇڭا، مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى گېگېل «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى
جۇغراپىيەلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «چۈنكى، زېمىن بىلەن ئىنسانلار
بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇغراپىيەلىك شەرتلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تارىخىي يولىنى، ھاياتلىق
خۇسۇسىيەتلىرىنى گويا تەقدىردەك بەلگىلەيدۇ.»[①] كېلەچەككە يول كۆرسىتەلەيدىغان، ھەقىقەتنى
چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەر ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارمىتى، دېگەندە، بىز بۈگۈنكى تارىخىي
يۈكسەكلىكتىن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەقەت ئابدۇقادىر داموللاملا مۇشۇنداق سۈپەتكە مۇناسىپتۇر.
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنى خېلى ئەتراپلىق كۆزەتكەن تاتار زىيالىي نۇشرىۋان يائۇشېف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 -
يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان تەسىرات ماقالىسىدە «قەشقەرلىك داموللا
ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ماۋزۇلۇق ماقالىسى بېسىلدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر
بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ تۈركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت
ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى ئەڭ سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ
تۇرۇشىنى تىلەيمەن» دەپ يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بايانى
ھەقىقەت» دېگەن ئەسىرىگە تەھرىر ئىلاۋىسى يازغاندا «داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ «جاۋاھىرۇل -
ئىيقان» ناملىق ئەسىرىنى تۈنجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، مۇئەللىپىنى شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا
كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدۇق. بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان پېتى، ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھ
ۋە تەبىئىي قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدەر ئالىم بولۇشى ئېسىمىزگە كەلمىگەنىكەن» دەپ قايىل
بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

① لۇئىس لىگېتى (ۋېنگىرىيە): «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

1912 - يىلىدىن باشلاپ ئىسلاھات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ يىللاردا قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى تامامەن يەككە - يېگانە قالدۇرۇلغانلىقى، سۆز - چاقىرىقلىرى ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى زىيادە توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئابدۇقادىر داموللام 1916 - يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق ماقالىسىدە «ھال ھازىردە چوڭلارغا ئەگەشمەك يۈزىسىدىن، بۇخارا تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەلسەپە، تەدرىس ۋە مۇكالىمەلەرگە مەشغۇل بولسامۇ، لېكىن زىيالىي شاگىرتلەرگە تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ ئەمايىلەلەردىن تەلىم بەرمەكتىمەن» دەپ يازغان. ئۇ ئۆزى بۇ يىللاردا ھەم مۇدەررىس، ھەم قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىدى. 1914 - يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ قەشقەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ، 1915 - يىلى قەشقەردىن تاشقورغان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغان ئادىل ھېكمەت بەي، ئەمرۇللا بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇنئاتۇشتىكى باھاۋۇدۇن بايىنىڭ ئۆيىدىن ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا بولغان ئىشنى مۇنداق يازغان: «ئاتۇشتىن يولغا چىقىش ئەسناسىدا قەشقەر مۇپتىسى ھاجى ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن بىر ئاتلىق كىشىسى بىزنى جىددىي ئارقىمىزغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۇپتى ئەپەندىم بىزلەر رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتنى چۈش كۆرۈپتۇ. شۇڭا، قەشقەرگە قايتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپتۇ. بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. بۇ چۈش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. مۇپتى ئەپەندىم بىر نەرسىنى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.»① بۇ تۈركىيەلىك زىيالىيلار ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئافغانىستان تەرەپكە چىقىدىغان يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيتتى، ھەم بۇ جايلارنى رۇسلار قامال قىلىۋالغان بولغاچقا خەتەرلىك ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار چېگرادىن چىقىپلا رۇسلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغان. بۇ باياندىكى ئۇچۇردىن بىز شۇ يىللاردا، يەنى 1915 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز. مۇپتىلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە خېلىلا يۇقىرى مەرتىۋە، شۇنداقلا ئالىي ئىمتىياز ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام جەدىتلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قاتتىق بېسىمى سەۋەبىدىن مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ، نىشانىنىڭ، غايىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇنىڭ جەدىتچىلىك شان - شۆھرىتى بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن شىنجاڭدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا تارالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «شۇرا» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1916 - ۋە 1917 - يىللىرىدىكى سانلىرىدا «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر» دېگەن ئۇچېرك ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «سەرپ - نەھۋى» (مورفولوگىيە - سىنتاكسىس)، «تەسھىلىل ھېساب» (ھېساب ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «بىدايەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «بىدايەتۇن نەھۋى»، «تەئلىمۇس سىبيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «تەجۋىد تۈركىي» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ مەكتەپ - مەدرىسەلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 120 كۇپلېتلىق «مۇخەممەس» ناملىق كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ

① ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 128 - بەت.

جەمئىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق، مائارىپ ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ۋە تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل، تەنقىدىي رېئالىزملىق روھقا ئىگە بۇ ئەسەر 1910 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېگانە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىدە «يىراق ـ يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسەلەردىن ئون بەشى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ لايپەشتاق مەدرىسەسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، ھېيتگاھ مەدرىسەسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسەسى، قازان مەدرىسەسى، ۋاڭلىق مەدرىسەسى، باھاۋۇدۇن مۇھتىرەم مەدرىسەسى، دورغا بەگ مەدرىسەسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى، كەنجە ھاجى مەدرىسەسى، ئوردا ئالدى مەدرىسەسى قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ 200 دىن ئارتۇق تالىپى بار»[①] مەشھۇر مەدرىسە بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان ئۇيغۇر بالىسى ــ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (1887 ــ 1952) ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىرىدە 1913 ـ يىلى 26 يېشىدا يۇرتى غالجاتتىن يولغا چىقىپ، غۇلجىغا كېلىپ مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق «ئالتە شەھەر»گە سەپەر قىلغانلىقىنى يازغان. ئۇ سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تومانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا مۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايېفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق»[②] دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر دامولامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئاۋانگارتى سۈپىتىدە تونۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

1914 ـ يىلى يازدا باھاۋۇدۇن بايىنىڭ غەيرىتى بىلەن ئۈستۈنئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى ــ «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن»[③] نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە باي ـ بايۋەچچىلەر دەسلەپتە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئابدۇقادىر دامولام، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىدىن دامولام، ماھمۇد دامولام، زىرىپ قارى ھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئوبۇلقاسىم دامولام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قازىكالان ھاجى ئىسلام دامولام قاتارلىق كىشىلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئۆمەر باي، سېلىم دامولا قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھنى تەشكىل قىلغان. قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلخانىسى ۋە ئەكسىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ كۈرەشتە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا «بەيساقلىق مەھمۇد ئاخۇن دامولام بىلەن

---

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 94 ـ بەت.

② ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 96 ـ بەت.

③ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىدە «ئىنتىنھات ۋە تەرەككى دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. «مەشئەل» دېگەن ژۇرنالدا «ھەمبىزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. 1915 ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي بۇ مەكتەپ ئۈچۈن ئورېنبۇرگدا باستۇرغان «ئىلىپبەيى تۈركىي» ناملىق كىتابتا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقىغان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنالىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى»[①] دەپ يازغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ زىددىيەت ناھايىتى تېزلا مۇرەسسە ھالىتىگە كەلگەن. چۈنكى، قەشقەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق باش قازىسى ھاجى ئىسلام داموللام جەدىتچىلىكنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. شۇڭا، 1915 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلگەن نۇشىرىۋان يائۇشېۋ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ: «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ، جەدىتچىلەرنى ‹كاپىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ. يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ»[②] دەپ يازغان. قەشقەردە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار 1915 ـ يىلى ئاپرېلدا يازغان خاتىرىسىدە مەدرىسەلەردىكى ئۆزگىرىش توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «قەشقەرلىكلەر بىزگە شۇقەدەر مۇھەببەت باغلىدىكى، بىر دېگىنىمىزنى ئىككى ئېيتقۇزمايتتى. مەدرىسە تالىپلىرى بىزدىن گېئومېتىرىيە دەرسى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.»[③] قەشقەردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى مۇقەررەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئەللىرى نەچچە قېتىم لاۋۇلداپ يېنىپ، نەچچە قېتىم خىرەلەشكەنىدى. مەرىپەت ئەنئەنىسىگە باي بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ زېرەك، تىرىشچان خەلقى زامان تەقەززا قىلغان، مىللەت موھتاج بولغان پايدىلىق ئىلىملەرگە ئىنتايىن تېز يېپىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن گېرمانىيەلىك فون لېكوك «ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولغان بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۈچقانداك ئالغا باساتتىكەن»[④] دەپ تەن ئالغان. ئەمما، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرەققىيات يولىغا تاشلانغان ھەرقانداق قەدەمنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قولىيازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىم ئۆگىنەمسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن ... بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا، دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ ... ھۈنەر تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ ... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا، بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن ...»[⑤]. ياڭ

---

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى». ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 108 ـ بەت.
② ئويىشى شىنىيچىرو: «نۇشىرىۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىل 2 ـ سان.
③ ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادىكى بەش تۈرك»، ئىستانبۇل، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 125 ـ بەت.
④ ئالبېرت فون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، 47 ـ بەت.
⑤ ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 130 ـ بەت.

زېھنىنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن بىز جۇڭگو خەلقى تۇشمۇتۇشتىن ئويغىنىپ يۈكسەك زامانىۋى تەرەققىيات دەۋرى ھېسابلانغان 20 ـ ئەسىرگە جۇمھۇرىيەت ئارزۇسى، دېموكراتىيە روھى ھەم يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ قەدەم قويۇۋاتقان شارائىتتا، ئۇنىڭ شىنجاڭدا نەقەدەر ئەكسىيەتچى فېئودال ئىدىيەنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر!

1912 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىگە قارشى ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، زەھەرخەندە نەزەرىنى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرىگە ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئاغدۇردى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 17 يىل جەريانىدا (1912 — 1928) «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى» نى يولغا قويغان ياڭ زېڭشىن:

يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا،
چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز، نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى.

دېگەن ئەكسىيەتچى سىياسىي ئەقىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا مائارىپنى قوللاپ، يېڭى مائارىپنى كۈچىنىڭ بارىچە توسقان. ئەينى يىللاردا «ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى. نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك ھالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رىغبەتلەندۈرگەنىدى.»① ئۇ شىنجاڭنى لاۋزىنىڭ «دانالارنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىدارە قىلغان. «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ «لاۋزىنىڭ نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ ئۇزاق مەزگىل قالاق ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا ئوقۇلغان لاۋزى خاتىرىلىرى»، «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلىرىدا «لاۋزى تەلىماتى» غا قايتا ـ قايتا چوقۇنۇپ، «نادانلىق ئەۋزەل» دېگەن ئىدىيەنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنى «گۇمۇشلار دۇنياسى»غا، شىنجاڭ خەلقىنى بىلىمسىز «ئىپتىدائىي ئادەملەر»گە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، شۇنداقلا خەلقنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقۇيالمايدىغان»، «نادانلىق ۋە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان»، «پاراسەتسىز خەلق»كە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «خاتىرجەم باشقۇرۇش»نى ئىشقا

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 85 ـ بەت.

ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى[1]. شۇڭا، ئاخىرقى ھېسابتا ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغان، دارىلمۇئەللىمىن تاقىۋېتىلگەن. قوللايدىغان گورۇھتىكىلەر ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىنغان نوشىرۋان يائۇشېۋ مۇنداق يازغان: «ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابايېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە يېڭىچە تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ 5 — 6 يىل داۋاملاشقان بولسا، «ئالتە شەھەر» ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن، بۇ بەختسىز خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇننىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى.» ئەلۋەتتە، بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشىدا ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل قولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ «تۈركلەر ئايەت ئۆگىتىش نامى بىلەن ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس»[2] دېگەن ھەم 1917 - يىلى ئەھمەد كامالنى كۆچاغا سۈرگۈن قىلغان. كېيىن كۆچادىمۇ توختاتماي ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپارغۇزۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئىككى يىل قامىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى بۇ ئىستراتېگىيەلىك قەدەم مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتەلمىگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى 20 يىل كېچىككەن.

ئىكىساقتىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى قەشقەردىكى جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولغان. جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان. بۇ يىللاردا شەرق ۋە غەربتىكى بارلىق ئەللەردە تەرەققىياتقا، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق داغدۇغىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسا، شىنجاڭدا دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە ياڭ زېڭشىننىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تەك رەزىل سىياسىتى سەۋەبىدىن قەشقەر، غۇلجا، تۇرپانلاردا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى رەھىمسىزلىك بىلەن تىندۇرۇلۇپ، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىگەن.

ئەمما، شۇ چاغدا جاھان مىقياسىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە تارىخىي سەكرەش پۇرسىتى ئاتا قىلغان. 1914 - يىل 7 - ئايدا مەشھۇر سارايېۋ ۋەقەسى سەۋەبىدىن پارتلىغان 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، 1918 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاخىرلاشقان. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مۆلچەرلىگۈسىز پايدا ئالغاندىن باشقا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەر ئېغىر زىيان تارتقان. چار پادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئەڭ بالدۇر غۇلاپ چۈشكەن. 1917 - يىلىنىڭ ئىچىدە رۇسىيەدە ئىككى قېتىم زور ئىنقىلاب بولغان، 2 - ئايدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق پېتېرگرادتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان. چار پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قارشى بارلىق كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلغان. ئاممىۋى يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بارلىق سىياسىي پارتىيەلەرنى ئېتىراپ قىلغان. 1917 - يىلى باھاردا رۇسىيە ۋاقىتىنچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.»[3] شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. 1917 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەدە مەركىزىي ھۆكۈمەت

① چېن خۈيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 133 -، 134 - بەتلەر.
② چېن خۈيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل نەشرى، 146 - بەت.
③ بې . ۋ . ئانشىموۋ: «رۇسىيە تارىخىغا دائىر ۋەقەلەر»، شەرق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2009 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 417 - بەت.

ئىنتايىن ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغان. رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبىئىي ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان چاررۇسىيەنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا تۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئالغان مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر رايونىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىچكى ئىشلاردا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ تۇرۇۋاتقان بېقىندى خانلىق ــ خىۋە خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان «ياش بۇخارالىقلار» ۋە «ياش خىۋەلىكلەر» تەشكىلاتى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشى توغرىسىدىكى قاراشنى تەرغىب قىلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار مەنۋى داھىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە، 1917 ـ يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ كۆپ ساندىكى ئەزالار جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ‹ئىسلام شۇراسى› نى قۇرۇپ چىققان. بۇ پارتىيەنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنى قارار قىلىشقان. قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرى تاماملىنىپ، 1917 ـ يىل 17 ـ ئاپرېل كۈنى تاشكەنت شەھىرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا ‹رۇسىيەنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى، ھەمدە ‹رۇس كۆچمەنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا› دېگەندەك بىرمۇنچە تېمىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئېيىۇشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جەدىتلىكنى ھىمايە قىلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى.»① ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى مۇستاپا چوقاي ئوغلى رەھبەرلىكىدىكى قوقەند مۇختارىياتى قۇرۇلغان. ئۈچ ئايغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ ھۆكۈمەت 1918 ـ يىل 18 ـ فېۋرال كۈنى قىزىل گىۋاردىيەچىلەرنىڭ قوراللىق باستۇرۇشى بىلەن ئاغدۇرۇلغان. ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا توختاۋسىز سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار يۈز بېرىپ، داغدۇغىسى جاھاننى بىر ئالغان مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتتىن ئىچى سىقىلغان، غايە ـ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي تەقەززا بولغان ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ۋاقتى 1918 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە بولغان. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ھەرقايسى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. بولشېۋىكلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئۇشتا بىر ئۆزبېك ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. 1921 ـ يىلى رۇسىيە تۇپرىقىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكى پائالىيەتچىلەر، بىر قىسىم

① ئەھەد ئەنجانى (تۈركىيە): «چەت ئەللەردە جەدىتچىلىكتىن ئىستىقلالىيەتكىچە».

داڭلىق دىنىي زاتلار ۋە مال ـ مۈلكى كۆپ بايلار تۈرلۈك ئويـ ـ خىياللار بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراپ يول ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كېلەچىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان كۆزىتىش، كۇتۇش، ئويلىنىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوشتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك غايىسىگە ئىگە جەدىتچىدىن ئىجتىمائىي كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە كەسكىن ئەمەلىيەتچىگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. ئۇ ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئۇ خەلقنىڭ قان تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى مەنسەپدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار ئۆلىما ـ ئىشانلارغا، مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئاچ كۆز بايلارغا قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي، مۇرەسسەسىز مۇئامىلە قىلغان. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى نامايىشنى تەشكىللەپ ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

غەرب خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى ـ مىسسىيونېرلىرى (قەشقەرلىكلەر مىسسى دەپ ئاتايتتى) قەشقەرگە 1892 ـ يىلى قەدەم قويغان. شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كاۋكاز رايونىدا دىن تارقىتىۋاتقان مىسسىيونېرى ھۆيجېر رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيەلىك ئەرمەن يوھاننېس ئاۋېتارانىئات دېگەن شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ، 1892 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن. بىللە كەلگەن تۈركىيەلىك ئەرمەن تۈرك تىلىنى بىلەتتى ھەم ئەسلىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ كاۋكازدا ھۆيجېر بىلەن تونۇشۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىشى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى ھۆيجېرنى قىزىقتۇرغان. ھۆيجېر قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىنبىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئارقىدىنلا بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ ھۆگبېرگ دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەشقەردە ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. ئۇلار قەشقەر خەلقىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دوختۇرخانا، مەكتەپ، دارىلئېتام ئېچىش ئارقىلىق داۋالاش ۋە تەربىيەلەش يولى بىلەن ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى ئويلىغان. بۇ نۇقتىنى شىۋېتسىيەلىك گۇننار يارىڭمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ «دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش، كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى»① دەپ يازغان. «تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەمدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىر خىل ‹مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى› دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.»② ئۇلار دىن تارقىتىش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىگەن. ئىگە ـ

① گۇننار ئالفىرىد يارىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 136 ـ بەت.
② ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى، 148 ـ بەت.

چاقىسىز يېتىم باللارنى بېقىپ تەربىيەلەش ئارقىلىق بارا ـ بارا ئېتىقاد ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن. 1920 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 ـ يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200 دىن ئاشقان.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنىڭ 1000 يىلدىن ئاشقان ئەقىدە ـ ئېتىقادى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىش، دىنىي كىملىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى كىرىزىسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق پۇرسەت يار بەرگەنلىكى سورۇندا تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەپ قانات يايدۇرغان. ئالدى بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە مىسسىيونېرلارغا قارشى غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان. ھەر كۈنى نامازدىگەردىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىدە ئەمرىنمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز ـ تەبلىغ قىلىپ غاپىل خەلققە ئۇزلۇكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارغان. مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇنازىرە قابىلىيىتى ۋە ھەقىقانىي سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى مات قىلغان. دەخلىسىز يۇمشاق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، خاتىرجەم ياشاشقا ئادەتلەنگەن موسموس موللاملارغا نەپرەتلەنگەن ئابدۇقادىر دامولللام ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى تولىمۇ يۇزە چۈشىنىپ، بىپەرۋا كۈن ئۆتكۈزۈشلىرىگە چىداپ تۇرالماي، يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا بۇرچىنى تونۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ «ئالىملىرىمىز زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن» دەپ كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر دامولللام يۇرت كاتتىلىرى بولغان بېخىل بايلارغا قەشقەر كوچىلىرىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن باللارنى، گۆلەخلەردە كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقان يېتىم ـ يېسىرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش، ئۇلارغا ساخاۋەت داستىخىنىنى يېيىپ قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر دامولللام ئۇلارغا «ئۆزىمىز يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن، پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسىي تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولغا كىرگەن تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ، خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغرىسىدا زەررىچە قايغۇرمىساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بولۇپ قالماسمىزمۇ! ... ئەپسۇسكى، بىز غەمخورلۇق قىلماي كوچىغا تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن مۇخالىپەتچىلەر ئۆز قوينىغا تارتماقتا. ئىنگلىز ـ شۋېتلار قانداقتۇر شىپاخانا قۇرۇپ داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغرىلىماقتا. ئۇلار بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆزى يەتسە، ئاياتماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق، بالىلىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز»① دېگەندەك جاراڭلىق خىتابلارنى قىلغان. «نەسىھەتى ئامما» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى قايتا باستۇرۇپ كەڭ تۇردە تارقاتقان. ئۇ بۇ ئېسىل ئەسىرىدە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زاماندۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار.»② پىروگراممىا

① خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر دامولللام ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 272 ـ بەت.
② ئابدۇقادىر دامولللام: «نەسىھەتى ئامما»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان، 70 ـ بەت.

خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىلەردە مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىغان. ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك روھى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە سىياسىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تېخىمۇ بېيىغان. قىسقىسى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر يېڭىلىق، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىدىغان، سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ ھۈسەيىنخان تەجەللى، باھاۋۇدۇن مۇسابايېف، شەمسىدىن داموللام، سابىت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقى، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشىنالىرىنىڭ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ھەمدەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ چىققان. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە «ياش قەشقەرلىكلەر» نامىدا بىر تۈركۈم جەدىتچە روھتىكى زىيالىيلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى قەشقەردە يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان. قاغىلىقتا تۇرۇپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان داڭلىق ئەدىب ھۈسەيىنخان تەجەللى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان گۆمىلىق شاگىرتى ئابدۇجېلىلغا يازغان شېئىرىي مەكتۇپىدا «غازىنىڭ غەيرىتىدىن تۇغۇلغان غوۋغالارنى يېزىپ تۇرغىن»① دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كاتتا بىر قىزىق تېما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا، يەنى 1920 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بولشېۋىزم بىلەن بىرىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان. 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەرقايسى مەدرىسەلەردىكى تالىپلارنى تەشكىللەپ شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن. 1936 ـ يىلى نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان، زېڭ ۋېنۇۋ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، «مىنگونىڭ 12 ـ يىلى قەشقەردىكى چوڭ مۇپتى ئابدۇقادىر داموللام خىرىستىيان كۆچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ژۇرنال چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. ئابدۇقادىر داموللام تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، تالىپلىرىغا ھەرقايسى مەسچىتلەرگە چاپلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنى ئوقۇغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۈنۈمى چوڭ بولغان.» مانا مۇشۇنداق ئىدىيەۋى قوزغىتىش نەتىجىسىدە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلار پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شوئار توۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان. مىسسىيونېرلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇ ئىش قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شۋېت مىسسىيونېرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كەتكەن. «نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتىيى ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويغان.»② ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق چەت ئەل كۈچلىرىگە ۋەدە بەرگەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈن ئەپەندى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى «ئادەمخور جەمئىيەت» دەپ

① ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى 1907 ـ يىلى ئۇستازى بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىنىڭ ئۆلۈمىگە يازغان مەرسىيەسىدە «غازى» دەپ ئاتىغان. كېيىن «ئەزىزى» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغان. زاماندىشلىرى كۆپرەك «غازى» دەپ تەرىپلەيتتى.
② باتۇر روزى «يېڭى مائارىپى بايراقدارى — ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 90 ـ بەت.

ئاتىغان. ئۇ، جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ «جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى شۇنداق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىللىرى بولىدۇ، ئۇلار تۇتقان يولى ياتلارغا ھەرقاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ.»① دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەككار سىياسىيون ياڭ زېڭشىن ئادەمخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان فېئودال ئەمەلدار ئىدى. ئۇ «مائارىپى يوق مىللەت دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەرقانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەند قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن...»② دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر دامولّامدىن ئىبارەت بۇ دانا ئىسلاھاتچىنى يوقىتىش مەقسىتىنى كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، مۇناپىق مىجەز شەخسىيەتچى بايلار بىلەن ھەسەتخور ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قەتئىي ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر، پىداكار يول باشچى، مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى، ئوت يۈرەك جەدىتچى ئابدۇقادىر دامولّام 1924 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ھېسابلانغان بۇ قاتىللىق ۋەقەسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. قەشقەردىكى ئىلغارلىقتا مايىل كۆچىلەر تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغان. بىر قىسىملىرى تاشكەنت، ئەنجان، قاراقوللارغا، بىر قىسىملىرى غۇلجىغا، يەنە بىر قىسمى شاڭخەي، تيەنجىنلەرگە قېچىپ قۇتۇلغان. ئابدۇقادىر دامولّامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن، تەجەللى، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، شەمسىدىن دامولّام قاتارلىق شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر دامولّامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ھەسرەتلىك قوشاقلارنى توقۇشقان.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق

ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ،
خەلقىمىزگە يول باشلاپ
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

دامولّام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا
شەيتانۇ رەجىم قالدى.
دامولّام شېھىت بولدى،


ياتار جايى بېھىش بولدى.
دامولّامغا قەشقەرلىك
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
دامولّامغا دۇ يۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز.

(داۋامى 63 ـ بەتتە)

① «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 3 ـ قىسىم («سايىۋەنىنىڭ داۋامى» دىكى «پاجىئەلىك ۋە كۈلكىلىك»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى، 461 ـ بەت.

② ئابدۇراخمان ئەبەي نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىغا قاراڭ.



# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پارچە


نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەدىرىن نۇرئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنماقچى بولغان تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق توخۇلا يېزىسىدىكى ئاۋام خەلقىنىڭ قولىدىن تېپىلغان. قولىيازمىنىڭ خېتى قارا سىياھ بىلەن خوتەن قەغىزىگە 13 قۇر قىلىپ يېزىلغان، قۇر ئارىلىقى 1 سانتىمېتىردىن 1.5 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14، 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. قولىيازمىنىڭ فوتو كوپىيەسى، ترانسكرىپسىيەسى ۋە يەشمىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

## ئۇشۇر مەمەتنىڭ يېرىم چارەك مىراس يېرىنى رۇستەم باقىغە ئۈچ تەڭگىگە ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

**ترانسكرىپسىيەسى:**

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش سەككىز، بالىق يىلى، جۇمادىيەلئەۋۋەل ئايىنىڭ يىگىرمە يەتتەسى ئازىنە كۈنى، ئۇشۇر مەمەت ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىرافى شەرئى قىلدىكىم، ساتتىم - رۇستەم باقىغە ماكۇيا ئۆستەڭى بوغۇچى مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەت يېرىم چارەكلىك يېرىمنى جەمىئ ئۇسكىنەسى بىرلە غەبن غۇرۇرىدىن ئوتۇپ، تەۋئەن ۋە رىغبەتەن ئۈچ تەڭگە پۇلۇسى رابىھەتۇل - ۋەقتىغە كىم، پۇلى ماڭا بىباقى ۋەبتەمام تەگدى، بۇ مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى - مەشرىق تەرەفى ۋەقف يەر، فاسىلە - ئەركەك قىر؛شىمالى ھەفىزە ئايىلانىڭ يەرى فاسىلە - ئەركەك قىر؛مەغرىب تەرەفى مۇشتەرىنىڭ يەرى فاسىلە - ئەركەك قىر؛جەنۇب تەرەفى ھەم مۇشتەرىنىڭ يەرى فاسىلە - ئەركەك قىر.



ھۇززارى مەجلىس: تۇرسۇن خوجە موللام، سۇپۇنچى دورغە ئەزىز باقى شاھىددۇرلەر.

**يەشمىسى:**


تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش سەككىز،

بېلىق يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىسى ئازنە كۈنى① ئىدى. مەنكى ئۇشۇر مەمەت يۈز تۇرانە، ياخشى ھالەتتە ۋە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تۇرۇپ، شەرىئەتتە ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىمكى، رۇستەم باقىغە بوغوچى كەنتى ماكۇيا ئۆستەڭ بويىدىكى تەخمىنەن يېرىم مو كېلىدىغان مىراس مۈلۈك يېرىمنى بارلىق ئۇسكۇنىلىرى بىلەن ھىيلە - مىكىر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن خالىي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان ئۈچ تەڭگە پۇلغا سېتىپ، پۇلنى نەق ۋە تولۇقى بىلەن ئالدىم.

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت ئەتراپ چېگراسى: شەرق تەرىپى ۋەخپە قىلىنغان يەر، پاسىل - ئەركەك قىر؛ شىمال تەرىپى ھەپىزە ئايلەنىڭ يېرى، پاسىل - ئەركەك قىر؛ غەرب تەرىپى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرى، پاسىل - ئەركەك قىر؛ جەنۇب تەرىپىمۇ سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرى، پاسىل - ئەركەك قىر.

مەجلىس ئەھلىدىن: تۇرسۇن خوجە مۇللام، سوپۇنچى دورغە ئەزىز باقىلار گۇۋاھدۇر.

## رۇستەم موللىنىڭ يېرىم چارەك يېرنى ئون سەككىز يېرىم تەڭگىگە ساتقانلىق ھەققىدىكى ھۆججەت



تىرانسكرىپسىيەسى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بىر، توڭگۇز يىلى، رەبىئۇل - ئەۋۋەل ئايىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى، ئازىنە كۈنى. موللا رۇستەم ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىرافى شەرئى قىلدىكىم، ساتتىم - مۇھەممەت باقىغە ماكۇيا ئۆستەڭى بوغوچى مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەن يېرىم چارەكلىك يېرىمنى جەمئى ئۇسكىنەسى بىرلە، غەبن غۇرۇرىدىن ئۆتۈپ ئون سەككىز يېرىم تەڭگە فۇلۇسى رابىھەتۇل - ۋەقتغە كىم، پۇلى بىباقى ۋە بىتەمام ماڭا تەگدى دەپ بۇ مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇد ئەربەئەسى - مەشرىق تەرەفى مۇللا ھۇسەيىنىنىڭ ۋارىسلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە - ئەركەك قىر؛ شىمال تەرەفى ھەم موللا ھۇسەيىنىنىڭ ۋارىسلەرىنىڭ يېرى، فاسىلە - ئەركەك قىر؛ مەغرىب تەرەفى مۇشتەرىنىڭ يېرى فاسىلە - ئەركەك قىر؛ جەنۇب تەرەفى ئەخلەت سوفىنىڭ يېرى فاسىلە - ئەركەك قىر.

ھۇززارى مەجلىس: نىياز خاجە موللام،

① (ھىجرىيە 1268 - يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 27 - كۈنى - مىلادىيەنىڭ 1852 - يىلى2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.)

قۇتلۇغ باي، ئۇمەرباقى، ئەخلەت چۇناق، سوپۇنچى باقى مۇللالار.

**يەشمىسى:**

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بىر، توڭگۇز يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە ئىككىسى ئازنە كۈنى.① مەنكى موللا رۇستەم شەرئەت ھۆكۈمى بويىچە، ياخشى ھالەتتە ۋە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن، ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىمكى، مۇھەممەت باقىغە بۇغۇچى كەنتى ماكۇي ئۆستەڭ بويىدىكى تەخمىنەن يېرىم مو كېلىدىغان مىراس مۈلۈك يېرىمنى بارلىق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قوشۇپ، ھىيلە - مىكىر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن خالىي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىمۋاتقان ئون سەككىز يېرىم تەڭگىگە سېتىپ، پۇلنى نەق ۋە تولۇقى بىلەن ئالدىم، دەپ:

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت ئەتراپ چېگراسى: شەرق تەرىپى ھۆسەيىن موللا باللىرىنىڭ يېرىگە پاسىل - ئەركەك قىر؛ شىمال تەرىپىمۇ ھەم ھۆسەيىن موللا باللىرىنىڭ يېرىگە پاسىل - ئەركەك قىر؛ غەرب تەرىپى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرىگە پاسىل - ئەركەك قىر؛ جەنۇب تەرىپى ئەخلەت سوپىنىڭ يېرىگە پاسىل - ئەركەك قىر.

مەجلىس ئەھلىدىن: نىياز خوجا موللام، قۇتلۇق باي، ئۇمەر باقى، ئەخلەت چۇناق، سوپۇنچى باقى موللىلار گۇۋاھدۇر.

**بۇغۇچى كەنتلىك چولپان بۇبى توختىنىڭ ئىشان ئېرىق بىلەن سۇغىرىدىغان ئۈچىنچى بىر مو يېرىنى ئالتە سەر كۈمۈشكە بۇغۇچى كەنتلىك رەھمەت خوجىغا ساتقانلىق ھەققىدىكى ھۆججەت**



**ترانسكرىپسىيەسى:**

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە بىر، مايمۇن يىلى، ماھى سەفەر ئايىنىڭ يىگىرمە ئۈچى. مەنكى ئىشقىلا كەنتلىك مەئلىك شاھ يۈز بېشىنىڭ يۇردىشىدىن بۇغۇچى كەنتلىك چولفان بۇبى توختەلەردۇرمىز. ئىقرارى شەرئى قىلدۇقكىم، مەۋزۇئى مەزكۇرداكى ئىشان ئارىق بىلەن سۇلايدۇرغان ئۈچۈنچى بىر مولاق يېرىمنى تابىئ ۋە دەرختلەرى بىلەن قوشۇپ ئالتە سەر كۈمۈشكە بەيئى مۇتلەق قىلىپ، كەنتلىك رەخمەت خاجەغە ساتىپ فۇلنى تۈگەتىپ ئالدىم. يەردە - سەمەندە ھەققىم قالمادى، مەزكۇر يەرنىڭ ھەد (ھۇدۇدى) شەرقى نىياز ئاخۇندنىڭ يېرى، فاسىلە - قىر؛ شىمالى رۇستەمنىڭ يېرى، فاسىلە - قىر؛ غەربى ھەلىم بۇبىنىڭ يېرى، فاسىلە - قىر؛ جەنۇبى قومۇش. مەزكۇر يەرگە يامۇندىن كاھىن چۈزە بولغىنى كۆرۈپ مۇھۇر باسقان.

---

① ھىجرىيە 1251 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 22 - كۈنى مىلادىيەنىڭ 1836 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ھۆززاروۋل ـ مەجلىس: مەڭلىك شاھ يۈز بېشى شاھىددۇر.

**يەشمىسى:**

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە بىر، مايمۇن يىلى سەپەر ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى①. مەنكى ئىشقىلا كەنتتىكى مەڭلىك شاھ يۈز بېشىنىڭ② يۇرتدىشى بۇغۇچى كەنتلىك چولپان بۇبى توختىدۇرمىز. شەرىئەتتە يۈزتۇرا، ياخشى ھالەتتە، ئىشەنچلىك ھالدا، ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىمكى، مەزكۇر يەردىكى ئىشان ئېرىق بىلەن سۇغىرىدىغان ئۈچىنچى بىر مو يېرىمنى بارلىق نەرسە تەئەللۇقاتلىرى ۋە دەل ـ دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ ئالتە سەر كۈمۈشكە بۇغۇچى كەنتلىك رەھمەت خوجىغا سېتىپ پۇلىنى تولۇق توگىتىپ ئالدىم. يەردە قىلچە ھەققىم قالمىدى.

مەزكۇر يەرنىڭ چېگرالىرى: شەرق تەرىپى نىياز ئاخۇننىڭ يېرى، پاسىل ـ قىر؛ شىمالى رۇستەمنىڭ يېرى، فاسىلە ـ قىر؛ غەربى ھەلىم بۇبىنىڭ يېرى، فاسىلە ـ قىر؛ جەنۇب تەرىپى قومۇشلۇق. مەزكۇر يەرگە يامۇلدىن مەسئۇل كىشىلەر چىقىپ گۇۋاھچى بولغىنىنى كۆرۈپ، ئاندىن مۆھۈر باستىم.

مەجلىس ئەھلىدىن: مەڭلىك شاھ يۈزبېشى گۇۋاھدۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

كىرىپ قالسا تويوق يولغا،
باشلاپ قويغىن يوروق يولغا.

ـ «ئەدەپ دېگىنىدىن مارجان سۆزلەر» دىن ئېلىندى.

① ھىجرىيە 1321 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى مىلادىيەنىڭ 1904 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② يۈزبېشى دېگەن سۆز ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بولۇپ، ھازىرقى كەنت باشلىقى دېگەن مەنىدە.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقى توغرىسىدا

مامۇت قۇربان

ئەڭ ئىپتىدائىي بوياقچىلىق ساپال قاچىلارنى سىرلاش ياكى قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆز كۆشەندىلىرىدىن، مەسىلەن، پاشا، چىۋىن، كۆكۆيۈن ۋە ھەر خىل ھاشارات، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، بەدىنىنى ھەر خىل رەڭلىك سېغىزلاردا ئالا - چىپار رەڭلەردە بوياشتىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەڭ ئىپتىدائىي بوياق قىزىل سېغىز، ئاق سېغىز، كۈيە (قۇرۇم)، قىزىلتاش، كۆك تاش، گۈلسۈرۈخ، ھەشقىپىچەك، زاراڭزا چېچەكى، شاتارىي، قارا ئۇجمە (ئۇجمە سىياھ)، گىللاردىن تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ھەر خىل ئۆسۈملۈك تالالىرى چىگە (كاناپ ـــ ئاق چىگە ۋە سېرىق چىگە)لەردىن توقۇغان رەختلىرى ياكى بورا سېلىنچىلىرىنى گۈل كىرىشتۈرۈپ توقۇشتىن ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ھايۋانات، مېۋىلەرنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرۈپ توقۇشقا يۈزلىنىپ، ئاستا - ئاستا تەبىئەت مەنزىرىسىنى توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا سۈرەپ كىرىش ھارپىسىدا رەڭ تۈرلىرىمۇ بىر - بىرلەپ كۆپىيىشكە باشلىغان.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئۈۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدىلا، ئۇلار قوي، تۆگە يۇڭلىرى، ئۆچكە تىۋىتى، ياۋا چىگە (دولان چىگىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رەڭگى سېرىق، تالاسى قىسقا ئەمما چىڭ بولىدۇ)لەردىن توقۇغان رەختلىرى، ئۆزلىرى ئىشلىگەن كۆن - خۇرۇم تېرىلىرىنىڭ يۈزىگە، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان گۈللەر نۇسخىسى ۋە تەبىئەت مەنزىرىسى: ئۈزۈم، تاغ - دەريالار، ھەسەن - ھۈسەن، قۇياش، ئاي، ئورمان، شارقىراتما ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى چۈشۈرۈپ توقۇش ۋە بوياش ھۈنەرلىرىنى كەشىپ قىلغان. 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئارخېيولوگىيەلىك قىزىلمىلاردىن تېپىۋېلىنغان، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلىسى، قىزىلگۈل ۋە ئۈزۈم رەسىمى چۈشۈرۈلگەن تەڭلىمات، شىرماق ۋە بورىلار بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مىسالىدۇر.

تارىم بوستانلىقىدىكى ھەر خىل گۈل - گىياھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر خىل رەڭلەرگە قىزىقىپ، ئۇنى بوياقچىلىق ساھەسىگە سۈرەپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا قىزىل، كۆك، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، زەڭگەر، ئاق قاتارلىق يەتتە خىل ئاساسىي رەڭنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئارىلاشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان رەڭ تۈرلىرىنى ئىجاد قىلغان. «كۇچار مىڭئۆيلىرىدىكى 150 خىلدىن ئارتۇق رەسىملەر» [1] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلما بۇيۇملاردىكى ھەر خىل رەڭ تۈرلىرى، رەڭلىك توقۇلمىلار، ئىگەر - جابدۇقلاردىكى رەڭ تۈرلىرى، رەڭلىك يۇڭ يىپ

ۋە رەڭ قوتىسىدىكى تەبىئىي رەڭ، توقۇلمىلارنىڭ يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن «تۆگە، يولۋاس، بېلىق، ياۋا توڭغۇز، ئۈزۈم»[2]قاتارلىق ھايۋان ۋە مېۋىلەرنىڭ رەسىملىرى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ چۈشۈرۈلۈشى ئەينى زاماندا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ زادى قاچاندىن بېرى بوياقچىلىق ۋە رەڭچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا تۈزۈك-رەك يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن ئەڭ ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بوياقلار ۋە توقۇلمىلارنىڭ يىل دەۋرىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بوياقچىلىق ساپالچىلىق دەۋرى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، ھەتتا يېڭى تاش - قورال دەۋرىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن دېيەلەيمىز. مەسىلەن، كىروران، نىيە قەدىمكى خارابىلىرىدىن تېپىۋېلىنغان رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تىل تارىخى بۇنىڭ پاكىتى بولالايدۇ.

تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بوياق ماتېرىياللىرىنى ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىن ئالاتتى. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە كەڭرى تارقالغان يۇلغۇن چېچىكى، قارا گۈل، يۇلغۇن ئۇرۇقى، ياڭاقنىڭ ماكلانغان كۆك رەڭلىك پوستى (قارا رەڭلىك)، زاراڭزا چېچىكى، شاتارىي، ئانار پوستى، ئانارگۈل، قارا ئۈجمە، شاتۇت (ئۈجمىنىڭ بىر تۈرى)، گۈلسۈرۈخ، تۇخۇمەك گۈلى، پىياز پوستى، تېرەك پورى، قىزىلتاش (قىزىل رەڭلىك تۆمۈر رودىسى)، سودا (ناترىي ھىدروكاربونات)، گېل، زاك، رەمچە، كىنوۋار (سىر سۈرۈخ)، سېرىق مەرگىمۇش (رىئالگار)، گېپىس (سېغىرتاش - خام گەج)، ئاق تاش (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات - قوغۇشۇن ئۇپا)، توز تېشى (مىس ئاساسلىق كاربونات - كۆك رەڭلىك) قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن بوياقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى توقۇغان يىپەك، ماتا، چەكمەن، كاناپ، يۇڭ توقۇلمىلارنى، كۆن - خۇرۇملارنى قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل، سۆسۈن، زەڭگەر، ھال، قارا، جىگەر رەڭلەردە بوياپ كەلگەن.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، گىرېك ھىندى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە تازا تەسىر قىلىۋاتقان ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەردە، ھىندى - پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئومۇملىشىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە بايقىلىش تارىخى ئېنىق بولمىغان ھىندىستان كۆكى (ئىندىگو كۆكى - نىل بوياق) تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، خوتەن، يەركەنتلەرنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ يېڭى تۈسكە كىرىپ، رەڭچىلىك ئىشلىرى جانلىنىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، رويان (ئۆلەن - ئالىزارىن بولۇشى مۇمكىن)، مارال قۇلاق (قىزىل رەڭلىك بىر خىل چۆپ)، ئەڭلىك ئوت، خېنە، كاسىن دەرەخ پوستى، تاجىگۈل، زاراڭزا چېچىكى، ئازغان ئۇرۇقى، قوغۇشۇن ئۇپا، گېپىس، مەدەستان، نۆشۇدۇر، قۇرۇم، تۇز تېشى قاتارلىق ھەر خىل بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئېلىنىدىغان رەڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرى ۋە رەڭ ياساش تېخنىكىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 — 4 - ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا تازا راۋاجلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى توقۇغان رەختلىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ بوياش ھۈنىرىگىمۇ پۇختا ئىدى. كۆپ سانلىق يۇڭ توقۇلمىلار ۋە گەزلىمىلەردە ئۈزۈم، يولۋاس، قارچىغا، لاچىن، ئات، ئۆكۈز، جەرەنگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرۈپ

بوياشنى ياخشى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى كۈن، ئاي ۋە تەبىئەت مەنزىلىرىنى چۈشۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار تاكى ھازىرغىچە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان رەڭ تۈرلىرىنى سىڭدۈرۈش يۈزىسىدىن قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ گۈلگە ئوخشىتىپ گۈل ۋە رەڭلەرنىڭ نامىدا ئاتاپ كەلمەكتە. مەسىلەن، تاجىگۈل، لەلىخان (لەيلىگۈل)، گۈلنار (ئانارگۈل)، گۈلسۇرۇخ، يەسمەنگۈل، ئالتۇنگۈل، غۇنچىگۈل، زەپەخان قاتارلىق گۈل ئىسىملىرى بۇنىڭ مىسالى.

ھازىرقى شىنجاڭ ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار، ئەينى ۋاقىتتا زارائىزا چېچىكى، گۈلسۇرۇخ، يۇلغۇن چېچىكى، يۇلغۇن ئۇرۇقى، ياڭاقنىڭ كۆك پوستى، خېنە قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىغا قارىغاي يېلىمى، كۆكتاش ۋە قىزىلتاشلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ سېرىق، قىزغۇچ، جىگەر رەڭلىك بوياقلارنى ياسىغان بولسا، ئۇلار يەنە يۇلغۇن چېچىكى، كۆرۈك ئۇرۇقى (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال)، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىغا زاك گېل قاتارلىق مىنېرال بوياقلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلىك بوياقلارنى ياسىغان، شۇنىڭدەك بۇ خىل بوياقلار بىلەن كۆن - خۇرۇملارنى سېرىق، جىگەر، ھال، قىزىل رەڭلەردە بوياپ كارۋان يوللىرىدىكى ھەرقايسى ئۆتەڭلەردە سودىنى ئاۋاتلاشتۇرغان. ئۇلار قارا گۈلنىڭ ئۆزىنى ساپ قارا، كۆك رەڭلىك بوياق قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ موزدوز ۋە ئاددىي خەلقنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك، تەننەرخى ئەرزان بوياقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سەھرالىرىمىزدا تاكى ھازىرغىچە قارا گۈلنى يازدا ئۈزۈۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، يىلمان سۇغا چىلاپ قويۇپ ئاياق (ئۆتۈك) بوياش داۋاملىشىپ كەلمەكتە. داڭلىق قەشقەر چەكمىنى يۇلغۇن ئۇرۇقى بىلەن ياڭاقنىڭ ماكلانغان ۋاقتىدىكى كۆك پوستىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاشتىن ھاسىل بولغان قارا رەڭلىك بوياقتا بويىلاتتى. ھازىرقى زامان تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل بوياقلار (ئۆسۈملۈك بوياقلىرى) تەركىبىدە تانىنى (ئاشلىغۇچى ماددا) ۋە قارا رەڭلىك پىگمېنت كۆپ بويالغان بوياقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا زارائىزا چېچىكى، ئانارگۈل، تاجىگۈل، گۈلسۇرۇخ، قارا گۈل، يۇلغۇن چېچىكى، مارال قۇلاق ئەڭلىك ئوت، ئانار پوستى ئوردان، توخومەك گۈلى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن تازىلاپ ئېلىنغان بوياقلارغا زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات)، گېل (ماگنىي سېلىكات - كائولىن توپىسى)، زاك (مانگان Ⅳ ئوكسىد) كىنوۋار، گېپىس، يېشىل زەمچە (تۆمۈر Ⅱ سۇلفات) قاتارلىق مەدەنلەردىن تازىلاپ ئالغان بوياقلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، رەڭ ياساپ، ئۇلارنى يۇڭ، پاختا، كاناپ، يىپەك گەزلىمىلىرىنى بوياشنىڭ بويىقى سۈپىتىدە ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا مەلۇم نىسبەتتە ئىنەكپىتى مېيى، شاپتۇل مېغىزى مېيى، ياڭاق مېغىزى مايلىرىنى قوشۇپ ئېرىتىپ، سىر قىلىپ تەييارلانغان پېشايۋان، ساراي، ئوردا تام - تورۇسلىرىنى ۋە ئۆي جاھازىلىرىنى سىرلاشنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بويىقى قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھىندىستان بويىقى — ئىندىگو كۆكىنىڭ ئىككى خىل تۈرىنىڭ، سودا يولى ئارقىلىق تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا كىرىشى، ئەجدادلىرىمىز بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 -، 5 - ئەسىرلەردىن باشلاپ، مىلادىيەدىن كېيىنكى 3 — 4 - ئەسىرلەرگە كەلگۈچە تېز راۋاجلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان. قىزىل مىڭئۆيدىكى 200 خىلدىن ئارتۇق رەسىم تۈرىدىكى 150 خىلدىن ئارتۇق بوياق تۈرلىرى، سىڭگىمدىكى مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بوياقلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بېرى بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە بوياقچىلىق ھۈنەرلىرىنى كەسىپ قىلغان ئائىلىلەر مەھەللە ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەخسۇس بوياقچىلىق قىلىدىغان، ئاتا كەسىپدارلار، مەخسۇس رەڭچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. بۇنداق كەسىپ ئىگىلىرى يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىردىن يېرىمدىن تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى 10 نەچچە ئەۋلاد «سەرگاز» ياكى «بوياقچىلار» ئەۋلادى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ماتاغا گۈل بېسىش، رەڭ ياساش مەشغۇلاتلىرىنىڭ رېتسېپلىرىنى مەخپىي تۇتۇشقان بولۇپ، بوياقچىلار ياكى سەرگازلار بەلگىلىك دەرىجىدە ھۈنەر رىقابىتى قىلىشىپ تۇراتتى. سەھرالىرىمىزنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، خوتەن، يەركەنت ۋە قەشقەرلەردە 10 ئادەم ئىشلەيدىغان بوياقچىلىق كارخانىلىرى تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ساقلىنىپ قالغانىدى.

بوياقچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلاردا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى «چارۋىچىلار ئىچىدىمۇ كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، بوياش، كىگىزگە گۈل بېسىش ھۈنەرلىرى بار ئىدى»[3]. چارۋىچىلارمۇ بۇ خىل ھۈنەردە ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايتتى. «تارىم بويلىرىدا كارمىن بويىقى① يىپەك گەزلىمىلەرنى بوياشقا ئىشلىتىلىپلا قالماي، يەنە پەرداز بۇيۇملىرى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى.»[4]

ئۇيغۇرلار قەدىمدە تازا سوغۇق مەزگىللەردە بۇغرا تۆگە چوققىسىدىن چىقىدىغان قارا رەڭلىك سىيا②نى ئېلىپ، ئۇنى قۇرۇم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ، سىياھ ياساپ پۈتۈكچىلىكتە ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇزۇن مۇددەت چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى بايقىغان كەشپىياتى ئىدى. بۇ خىل سىياھ تەركىبىدە، ئەسلىدە سۇدا ئاز ئېرىيدىغان، ئەمما قۇرۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۆزئارا بىر - بىرىدە ئېرىيدىغان ماددىلار بولغانلىقتىن، بۇ خىل رەڭ ئاسانلىقچە ئۆچۈپ كەتمەيتتى ۋە قەغەزگە يېپىلىپ كەتمەيتتى.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل بوياق تۈرلىرىگە ئۈزۈم سىركىسى، لىمون سىركىسى، قوغۇن ئۇرۇقى، يانتاقشېكىرى، ئاشتۇزى، زەمچە، توغرىقا (ناترىي ھىدروكاربونات) قاتارلىق رەڭسىز ماددىلارنى قوشۇپ، گەزلىمە ياكى رەختلەرنىڭ رەڭلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش بىلەن ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق مېخانىزمىنى كەشپ قىلغانىدى. ھەرقانداق بوياقچى ئۆزى ئىشلىتىدىغان بوياقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، بوياققا قايسى خىل مىنېرال ماددىنى قوشۇشنى ئۆزى بەلگىلەيتتى ياكى بوياقچىلىق شارائىتىنى ئاساس قىلاتتى. خىمىيە تارىخى ماتېرىياللىرىدىكى بوياقچىلىققا ئائىت مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بوياقچىلىق ئىچىدە يىپەك بوياقچىلىقى ئەڭ نازۇك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بوياقچى ئۇستىلارنىڭ يىپەك بوياقچىلىقى جەھەتتە نامى بار ئىدى. ئەگەر تارىم بوستانلىقى ئەتراپىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىقى بىلەن بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى بىرقەدەر تەپسىلىي تەتقىق قىلالىساق ئىدۇق، ئۇ

① كارمىن بويىقى ئاراڭزا چېچەكلىرىدىن تارتىلىپ ئېلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك بوياق بولۇپ، ھازىرقى مەزگىللەردە ئۇنىڭ سۈنئىي نۇسخىلىرى بار. ئۇ قەدىمكى لەۋ سۇرۇخنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى.

② بۇغرا تۆگە 12 - ئاينىڭ 5 - 10 - كۈنلىرىدىن باشلاپ 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياكى ياشتىن ئاشقان بۇغرا تۆگە كۆدەيدۇ. دەل ئاشۇ مەزگىللەردە ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىش بىلەن چوققىسىدىن قارا سىياھ چىقىرىدۇ. بۇ خىل قارا سىياھنى ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ، ماۋانچىدا يانجىپ، قىلىلىرىنى ئايرىۋېتىپ قۇرۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئىسسىق سۇدىن قۇيۇپ ياسالغان سىياھ قەغەزگە ياراپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاتام قۇربان ئەھمەدنىڭ 1983 - يىلى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1915 — 1918 - يىللىرى 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋىسى شۇ خىل سىياھتى ياسىتىپ پۈتۈكچىلىكتە ئىشلىتىدىكەن. بۇ ئەجدادلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلى بولۇپ، پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندىلا تاشلىۋېتىلگەن.

هالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان بولاتتۇق. ۋاھالەنكى بۇ توغرىسىدا مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قولغا ئالغۇدەك بىرەر يازما ماتېرىيالنىڭ بولماسلىقى، ئادەمنى يەنىلا ئۆزۈن مەزگىل غەپلەتتە قويىدۇ، خالاس.

ئەجدادلىرىمىزدا ھازىرمۇ قەدىمكى بىر خىل يەرلىك بوياقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي بوياقچىلىق ئىزنالىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، ھازىرمۇ كىشىلەر رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن گەزلىمىلەرنى كۆك رەڭلىك بوياق (سىنكا)قا ئازراق زەمچە ياكى ئاشتۇزى سېلىپ سۇ قوشۇپ قايىنىتىپ بوياش ئۇسۇللىرى، ھەتتا ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەخت ياكى گەزلىمىلەرنى بۇ خىل بوياش ئۇسۇلىدا ھازىرقى زامان بوياقچىلىق مىخانىزمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز زەمچە ياكى ئاشتۇزنىڭ بوياقچىلىقتىكى مېخانىزمىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان ھۈنەر - سەنئەت ئىزنالىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك گۈلى، زاك، زەمچە، ئانار پوستى، ياڭاقنىڭ كۆك پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، رويان، تۆمۈر دېتى (قىزىل تۆمۈر رودىسى)، ئۆرۈك قوۋزىقى، ئوت - چۆپ كۈللىرى (ناترىي كاربونات ياكى كالىي كاربونات)نى ئىشلەتكەن. رەڭچى ئۇستىلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى مەلۇم نىسبەتتە تەڭشەپ خورما رەڭ، نەشە رەڭ، ئەت رەڭ، سېرىق رەڭ، يېشىل رەڭ، كۆك رەڭ، قارا رەڭ، سۆسۈن رەڭ، قارا كۆك رەڭ، قىزىل رەڭ، جىگەر رەڭ، زەڭگەر رەڭ قاتارلىق رەڭ تۈرلىرىنى ياساش بىلەنلا قالماي، يەنە بۇ خىل رەڭلەرنىڭ ئاچ، توق خىللىرىنىمۇ ياساش ئەنئەنىسىنى ياراتقان. ھەمدە «كارۋان يولىدا ھەربىر ئۆتكەلدە توختاپ، رەڭ تۈرلىرىنى ۋە بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەپ بارغان.»[5] ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا رەڭلەرنى توشۇش، قاچىلاش ئىشلىرىغا ئوڭايلىق بولۇشى ئۈچۈن، رەڭلەرنى نۆكچە ھالەتتە ھەمدە پاراشوك ھالەتتە ئىشلەش تېخنىكىسىنىمۇ بىلەتتى. پاراشوك ھالەتتىكى رەڭلەرنى جىگدە يېلىمى، دېۋىرقاي، شېكەر سۈيى ۋە ئۈزۈم، لىمون شەربەتلىرىنى قوشۇپ ئۇلارنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ بازارغا سالغاچقا، سودىسى ناھايىتى ئېلگىرى سۈرۈلگەنىدى.

ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا يۇلغۇن چېچىكى بىلەن زەمچىدىن قىزىل رەڭ ئالسا، خېنە بىلەن زەمچىنى بىرلەشتۈرۈپ سارغۇچ قىزىل رەڭ ياكى جىگەر رەڭ ئالاتتى. زەيچۈۋە بىلەن خېنىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەر خىل رەڭلەرنى ياساش ماھارىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن چېچىكى بىلەن زەيچۈۋىنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ جۇزى رەڭ ھاسىل قىلسا، بوزۇغا (سېرىق رەڭلىك) بىلەن زەيچۈۋىنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلەرنى ھاسىل قىلاتتى. ئۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىق بوياق تۈرلىرىگە زەمچە قاتارلىق مەدەن بوياقلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆسۈملۈك بوياقلىرى زەمچىدە ئېرىپ چىقماس بوياققا ئايلىناتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدە ئېرىشىنى ئارتتۇرغىلى بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياسىغان بوياقلىرى ناھايىتى تۇراقلىق بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى، ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىنىپ كېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى شۇ ئىدى. ئۆسۈملۈكتىن تازىلاپ ئالغان رەڭ تۈرلىرىگە مەدەندىن ئېلىنغان رەڭ تۈرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆسۈملۈك پېگمېنتلىرىنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىش تېخنىكىسىنىمۇ ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان. «چۈنكى، بەزى مىنېرال بوياقلار ئىشقارلىق ئىپادىلىسە، بەزىلىرى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەت ئىپادىلىگەنلىكتىن، ئۆسۈملۈك بوياق تۈرلىرى مەدەن بوياق تۈرلىرى قوشۇلسا، بوياقتىكى رەڭلىك

تەركىبلەرنىڭ ئېرىشى ئارتىدىغانلىقتىن ئىبارەت تېخنىكىلىق جەريانلارنى ئىگىلىگەنىدى.»[6]

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 121 ـ بەتتە «رۇشا» (قىزىل توپا)① 163 ـ بەتتە «ئۆلەن» رويان (قىزىل رەڭلىك بوياق)، 565 ـ بەتتە كاسىن دەرىخى قوۋزىقى (قىزىل رەڭلىق بوياق)، 570 ـ بەتتە قوغۇشۇن ئۇپا كىنۋار (قىزىل رەڭلىك مەدەن بوياق) دېگەن سۆزلەر، 2 ـ توم 24 ـ بەتتە «توق قىزىل»، «قېنىق قىزىل» 222 ـ بەتتە «بوياق»، 359 ـ بەتتە «سىرلاندى، ئاياغ سىرلاندى، يەنى ئاياغنىڭ ئۈستىگە نەقىشلەش ئۈچۈن سىر سۈرتۈلدى» دېگەن سۆزلەر ۋە 3 ـ توم 24 ـ بەتتە «قىلىنۇ بىلسە قىزىل كەزەر، يارانۇ بىلسە، يېشىل كەزەر ـــ قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، يارىناي دېسە يېشىل كىيەر (خوتۇنلار ئېرىگە جىلۋىلىنىپ كۆرۈنمەكچى بولسا، قىزىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ؛ ئەركىلەپ يارانماقچى بولسا يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ»، يەنە 145 ـ، 166 ـ، 214 ـ بەتلەردە «چىت ئالا ـ چىپار، گۈللۈك چىت»، «ئول كىگىز ئاسرىلادى ـــ ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالا ـ چىپار گۈل باستى»، «سال ـ سىر يېلىمىدىن ياسالغان يېپىشقاق نەرسە، چىن قاچا ـ قومۇچلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە سۈرۈلۈپ، ئۈستىگە گۈل سىزىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بوياقچىلىق تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاتالغۇلار ۋە مەشغۇلات ئۈستىدە مەلۇمات بەرگەن. 1959 ـ يىلىدىن بېرى تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش ئارقىلىق «جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك گەزلىمىلەر، 20 نەچچە خىل بوياق تۈرى تېپىۋېلىندى. بۇ خىل بوياقلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ بوياقلارنىڭ ئاساسلىقى رويان، شاتارىي، تۇخۇمەك، زاراڭزا چېچىكىدىن ئېلىنغان بوياقلار ۋە نېل بوياق، ئاق رەڭلىق تاش بوياق (قوغۇشۇن ئوكسىد)، قىزىل تاش، كۆكتاش، مىس يېشىللى، گېل، زاك قاتارلىق بوياقلارنى ئارىلاشتۇرۇشتىن ياسالغان بوياق تۈرلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى[7].

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چەرچەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى 9 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەبرىستانلىقنى قازغاندا، شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەپىس ئىشلەنگەن «گۈل ـ كەشتىلەر بېسىلغان، رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەكلەر، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار، تەڭلىمات، رەڭدار يۇڭ كۆڭلەك، شايى، يۆگەلمە قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ، ئىچى قىزىل، تېشى تىۋىتلىق بۆك»[8] لەر قېزىۋېلىندى.

قۇمۇلدىكى بەش قەلئە خارابە ئىزلىرىدىن «مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىللارغا تەۋە رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن سەككىز خىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان يۇڭ چەكمەن»② تېپىۋېلىندى.

بارچۇقتىكى توققۇز ساراي خارابە ئىزلىرىدىن «قىزىل، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭلەرنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق توقۇلۇپ، چۈجە رەسىمى، شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەركىسى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالاز»[9] لارمۇ تېپىۋېلىندى.

يېقىندا نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزىدىن «ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان ياغاچلار، پەرداز بۇيۇملىرى، پەرداز قۇتىسى، ئۈزۈم رەسىمى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ چەكمەن، كەشتىلىك ئەينەك قېپى (كەشتىنىڭ تېگى يېشىل، قىرغىقىغا جىگەر رەڭ شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قارا، قوڭۇر رەڭلەردە گۈل بەرگىسى چۈشۈرۈلگەن) ۋە ھەر خىل رەڭلىك يىپلار تېپىۋېلىندى. مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ مۇندىن 3800 يىللار ئىلگىرىگە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى توقۇلما ئەۋرىشكىسى دەپ قارىدى.

① قىزىل توپا ـــ گېل دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق خىمىيىلىك تەركىبى ئاليۇمىن بىلەن ماگنىي سىلىكاتىنىڭ ئارىلاشمىسى. يەنە بىر ئىسمى كائولىن توپىسى دېيىلىدۇ.
② چەكمەن ـــ ئىككى لاڭ يىپنى جۈپلەپ، تورلاپ توقۇلىدىغان رەخت تۈرى. ئاساسەن قەشقەردە توقۇلۇپ سىرتقا چىقىرىلاتتى.

لى دى ئەپەندى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېلان قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدا «پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كەشىپ قىلغان... قول بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجاد قىلغان» دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭدىن خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ماتاغا گۈل بېسىش (سەرگازچىلىق)، چەكمەن بوياقچىلىقى، ئەتلەس بوياقچىلىقى، كۆن - خۇرۇم بوياقچىلىقلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەنئەنىۋى ھۈنەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ زاراڭزا، لەيلىگۈل، گۈلسۆرۈخ، تاجىگۈل قاتارلىق گۈل تۈرلىرى بىلەن تونۇشقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ماجى «ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى» («博物志») دېگەن كىتابىدا «زاراڭزا چېچىكى زاراڭزا گۈلى (كارتام گۈلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ. جاڭچيەن غەربىي يۇرتتىن ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەلگەچكە، ھازىر ۋېي جاڭلىقىدىمۇ تېرىلىدىغان بولدى» [10] دەپ خاتىرىلەنگەن. «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 96 -، 97 -، 115 - بەتلىرىدە قەشقەر خەلقىنىڭ باغلىرىغا تېرىپ ئۆستۈرىدىغان قارا گۈلنى قارا رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقى، يېڭىسارنىڭ تۇخۇمەك گۈلى رېڭى سېرىق رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى، يەنە قەشقەردە ئۆسىدىغان «چايماق»تىن سېرىق رەڭ ئېلىنىدىغانلىقى، رۇسىيەنىڭ سەندەلدىن ئېلىنىدىغان بويىقى بىلەن ھىندىستان كۆكى (نېل بوياق) ئەينى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن گىلىمى، تەڭلىمات ۋە بۆزدىن توقۇلغان پالاسلار پەرغانىگە چىقىرىلىدىغانلىقى، پەرغانىدىن بولسا «رويان» (ئالىزارىن) بويىقى كىرگۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن گىلىمى، تەڭلىمات ۋە بۆزدىن توقۇلغان پالاسلار پەرغانىگە چىقىرىلىدىغانلىقى، پەرغانىدىن بولسا «رويان» (ئالىزارىن) بويىقى كىرگۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىرقەدەر تەپسىلىي توختالغان.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، مىسىردا «نەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى قۇرۇپ قالغان جەسەتنىڭ كىيىمى نېل بوياقتا بويالغان بولسىمۇ، سۈپىتى ئۆزگەرمىگەن»[11]. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياسىغان بىر قىسىم رەڭلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە سىرتقى دۆلەتلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپلا قالماي، سىرتقى دۆلەتلەردىنمۇ بىر قىسىم رەڭلەرنى ئېلىپ كىرگەن ۋە يۇرتىمىزنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. «ئۇكالىفت يېلىمى»① [12] «كاسالپىنىيە قىزىل رەڭلىك بويىقى②» [13]، ھىندىستان كۆكى قاتارلىق بوياقلار بىرازىلىيەدىن، رۇسىيەدىن ۋە ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلەتتى.

زەيچۈە شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈك يىلتىزى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى رەختلەرنى قىزغۇچ سېرىق بوياشنىڭ ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ زەيچۈە قۇيماق، ئۆپكىلەرنى ساغارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «دوف ئەپىسن» بويىقى دېيىلىدىغان قارا رەڭلىك بىر خىل بوياقمۇ بولۇپ، ئۇ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ پۇتىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان كاۋچۇك يېلىمىنى، قىزىل رەڭلىك تۆمۈر رودىسى بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇشتىن ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل بوياق، ئەينى ۋاقىتتا بازىرى ئىتتىك بوياق ئىدى. بۇ خىل بوياق يۇرتىمىزغا مىلادىيە 7 -، 8 - ئەسىرلەردىن باشلاپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھىندىچىنىدىن چىقىدىغان

---

① بۇكالوموس پىلىكىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك بىر خىل يېلىم بولۇپ، بوياقچىلىقتا رەڭ ئالدۇرغۇچى قىلىنىدۇ.
② بۇ كاسالپىنىيە دەرىخىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان بىر خىل قىزىل رەڭلىك بوياق بولۇپ، ساپال قاچىلار، ياغاچ قاچىلارنىڭ ياخشى بويىقى.

كارسىنىيە يېلىمىمۇ بولۇپ، بۇ يېلىم يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق يىراق شەرقتىمۇ بازار تاپقانىدى. ئۇ سېرىق ياكى ئالتۇن رەڭلىك بىر خىل بوياق بولۇپ، ئادەتتە «كومىگۇت بوياق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «رەسساملار، سەرگازلار بۇ خىل بوياقنى ياخشى كۆرەتتى. دورىگەرلەرمۇ كۆپ ئىشلىتەتتى.»[14]

سېرىق مەرگىمۇش (چىشى زەرنىخ) مىلادىيەدىن كېيىنكى 5 ـ ئەسىرلەردە يۇرتىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «كۇئېنلۇن سېرىقى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. سېغىرتاش، گىرافىت، كۆكتاش، يېشىل تاش، زەمچە، نۈشۈدۈر، قىزىل تاش، زاك، گېل، قوغۇشۇن ئۇپا (قوغۇشۇن ئېقى)، كىنوۋار (سىر سۈرۈخ) قاتارلىق مەدەن بوياقلار يۇرتىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىدا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىنمۇ دېڭىز ھايۋانلىرىدىن ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن تازىلاپ ئېلىنغان بوياقلار غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ بوياقچىلىق ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك روللارنى ئوينىغان.

شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بوياقچىلىق ئىشلىرىدا مەنىۋى جەھەتتىكى سىرچىلىق، بىناكارلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ۋاڭ يەندىنىڭ «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىشى» دېگەن كىتابىدا «قوجودا ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدىكەن» [15] دەپ مەلۇمات بەرگەن. فاشيەن ئۇدۇن خاقانى تۇرىدىغان شەھەردىكى بىر كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەپ يېزىپ قالدۇرغان: «ئۇنىڭغا نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئۇنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزەپتۇ، ... ئۇنىڭ لىم ـ تۈۋرۈك، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن قەغەز ئىشلىتىلگەنىدى...» [16] «يېڭى تاڭنامە»دە ئۇدۇندا رەسىم سىزىلغان ھوجىرىدا خان يېتىپ قوپىدۇ» دەپ تەرىپلىگەن. زىماركوس بىلەن شۆەنجاڭ كۇسەندىكى خان ئوردىلىرىنىڭ «رەڭگارەڭ يىپەك توقۇلمىلاردىن تەييارلانغان چىممىلدىقلار» ۋە «كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن رەڭلىك گۈللەر» [17] بىلەن بېزەلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردىن بېرى بۇددىزىم دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىۋېلىنغان گەج ۋە سېغىز پارچىلىرى بۇلارنىڭ دەل مىسالى بولالايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1]، [6] قۇربان ۋەلى «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل (ئۇيغۇرچە) 7، 132 ـ، 133 ـ بەتلەر.

[2] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ سانلار، 91 ـ بەت.

[3] ياڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 161 ـ بەت.

[4]، [12]، [13]، [14] شىپ [ئامېرىكا]: «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەر»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە، 459 ـ، 460 ـ، 462 ـ بەتلەر.

[5]، [15]، [17]، [18] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سان، (ئۇيغۇرچە نەشرى). 56 ـ، 57 ـ ۋە 180 ـ، 181 ـ بەتلەر.

[7]، [10]، [11] ساۋ يۈەنيۇ: «جۇڭگو خىمىيەسىدىن پاراڭلار»، جياڭسۇ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1979 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 146 ـ، 147 ـ ۋە 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

[8] «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 3 ـ سان 85 ـ بەت (ئۇيغۇرچە نەشرى).

[9] چىن شيۇشىن: «شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى»، شىنجاڭ گېزىتى، 1987 ـ يىل 4 ـ ئاي 23 ـ سان.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە ـ خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىدا)

# ئالتۇن قەپەستىكى تۇتى

(چۆچەك)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ، ھۈنەر كەسپىنى قەدىرلەيدىكەن، يۇرتنى ناھايىتى ئادىل سورىغاچقا، خەلق ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:

— خەلقىنىڭ ماڭا بولغان پىكرىنى ئاڭلاپ باققۇم بار، — دەپتۇ.

— بىز خەلقنى چاقىرىپ، پادىشاھىمىز قانداق ئادەم، دەپ سورىساق ھېچكىم راستىنى ئېيتمايدۇ. شۇڭا، ئەتە كەچ سودىگەرچە ياسىنىپ، شەھەر ئايلىنايلى. كارۋان ساراي، چايخانىلارغا كىرىپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، گەپنىڭ راستىنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

ۋەزىرلەرنىڭ بۇ گېپى شاھقىمۇ ماقۇل كەپتۇ. شاھ بىلەن بىر ۋەزىر كەچلىكى سودىگەرلەردەك كىيىنىپ بىر چايخانىغا كىرىپ ئۈچ - تۆت كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆزلىرىنى باشقا شەھەردىن كەلگەن سودىگەر دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار گەپ ئارىلىقىدا ئۇلاردىن:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قانداقراق؟ پۇقراغا جەبىر - زۇلۇم قىلمايدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، — دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرى، — ئۇ تولىمۇ ياخشى، ئادالەتپەرۋەر كىشى. ئەمما، ھۈنەر ئىگىلىرىنى دوست تۇتىدۇ - يۇ، ئۇلارنى تونۇمايدۇ. ئەگەر ئۇ ھۈنەرۋەنلەرنى ياخشى تونۇغىنىدا، مېنى سارايغا ئىشقا ئالار ئىدى. مېنىڭ كەسپىم ياغاچچىلىق، ئەگەر پادىشاھ مېنى ئىشقا ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياغاچتىن ئۇچالايدىغان ئاجايىپ بىر ئات ياساپ بېرەتتىم.

ئىككىنچى مېھمان شېرىكىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن تۆمۈرچى، ئەگەر پادىشاھ ھەقىقەتەن ئۇستىلارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولسا، مېنى سارىيىغا چاقىرتقان بولاتتى. ئۇنىڭغا ئالتۇن قېيىق ياساپ بېرەتتىم. بۇ نەرسە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يادىكار بولۇپ قالاتتى.

ئۈچىنچى بىر كىشىمۇ ئۆز ھۈنىرىنى ماختاپ:

— ئەگەر پادىشاھ مېنىمۇ ئوردىغا چاقىرغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرەتتىمكى، ئۇ شۇ كۆڭلەكنى كىيسىلا، بىر تال ياڭاق شاكىلىنىڭ ئىچىگە سىغاتتى، — دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ تۈن نىسپىدە ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىپتۇ. چايخانىدا ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن، شاھ بىلەن ۋەزىرمۇ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئاخشام سۆھبەتلەشكەنلەرنى ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ. تىككۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى ۋەدە قىلغان كۆڭلەكنى تىكىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. تۆمۈرچى قېيىقنى ياساشقا يىگىرمە كۈنلۈك، خارەت ياغاچ ئېتنى ياساشقا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ رازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپ يولغا ساپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە تىككۈچى تەرزىم بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ تىككەن ئاجايىپ كۆڭلىكنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ كۆڭلەكنى كىيگەنىكەن، راستىتىنلا بىر تال ياڭاق شاكىلىغا سىغقۇدەكلا بولۇپ قاپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ تون - سەرپايىلەرنى بېرىپ، سارىيىدا ئېلىپ قاپتۇ.

ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە، تۆمۈرچى ياسىغان قېيىقنى ئېلىپ كېلىپ، قەسىر ئىچىدىكى كۆلگە قويۇپتۇ. تىللادىن ياسالغان كىچىككىنە قېيىق كۆلدە ئۈزۈپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغىمۇ سوۋغىلارنى بېرىپ سارايدا ئېلىپ قاپتۇ.

كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ، ياغاچچىغا بېرىلگەن قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت توشسىمۇ ئۇنىڭ ھېچبىر خەۋىرى بولماپتۇ. قىرىق ئىككىنچى كۈنى ياغاچچى بىر ھارۋا نەرسە بىلەن سارايدا پەيدا بوپتۇ. كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئۇ ياغاچ ئاتنى پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھارۋىغا بېسىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ياغاچ ئاتنىڭ ھەممە بۆلەكلەرنى جايى - جايىغا سېلىپ قوراشتۇرۇپ، قۇلىقىنى بۇرىغانىكەن، ياغاچ ئات كىشنەپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ياغاچچى ئۆزى ئاۋۋال ئۇنى مىنىپ كۆرسىتىپتۇ. ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، ئۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. سول قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، پەسلەپ يەرگە چۈشۈپتۇ. يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ياغاچچىنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولۇپ، ياغاچچىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىمۇ ئۆز سارىيىدا ئېلىپ قاپتۇ.

پادىشاھنىڭ يالغۇز بىر ئارزۇلۇق ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ تىللا قېيىققا بىرقانچە كۈن چۈشۈپ، كۆلدە ساياھەت قىلىپ ئويناپتۇ. ئۇنىڭدىن زېرىكىپ، ياغاچ ئاتنى مىنىپ، شەھەرنى ساياھەت قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ ئاتىسىغا يالۋۇرۇپ، ياغاچ ئاتنى مىنىشكە ئىجازەت ئاپتۇ ۋە ئۇنى مىنىپ، ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىغانىكەن، ياغاچ ئات كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە قورقۇپ كېتىپ قايسى قۇلىقىنى بۇراشنى بىلمەي ئۇچۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي ياغاچ ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى بۇراپ قاپتۇ. ئات پەسلەپ بېرىپ، باشقا مەملىكەتتىكى بىر ئۆينىڭ تېمىغا قونۇپتۇ. شاھزادە تامدىن چۈشۈپ قارىسا، ئۆيدە بىر موماي چاق ئېگىرىپ ئولتۇرغانىكەن.

— كەل بالام، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپتۇ موماي.

— ئەي موما، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن باشقا مەملىكەت ئادىمىمەن، بۇ يەرگە ئادىشىپ كېلىپ قالدىم. بۇ يەردە ھېچكىمىم يوق.

— مېنىڭمۇ ھېچكىمىم يوق، ئۆزۈم يالغۇز ياشايمەن. ماڭا ئوغۇل بولۇپ قال، — دەپتۇ موماي ۋە شاھزادىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ داستىخان ساپتۇ.

— موما، — دەپتۇ شاھزادە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، — يېنىمدا پۇل بار، شەھەرنى كۆرۈپ تاماشا قىلغاچ بىرەر نەرسە ئېلىپ كېلەيمۇ؟

— قوي بالام، ئۆيدە ھەممە نەرسە بار. ھازىر شەھەردىكى پۈتۈن كىشىلەر جېنىنى ئاران ساقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ، — دەپتۇ موماي.

— نېمە سەۋەبتىن موما؟

— پادىشاھىمىزنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، يېقىندىن بېرى گەپ قىلالماس بولۇپ قالغان. پادىشاھ: «قىزىمنى كىم گەپ قىلدۇرالىسا، ئۇنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ جاكارلىغان، نۇرغۇن شاھزادە، بەگزادىلەر كېلىپ مەلىكىنى گەپ قىلدۇرالمىدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ شەھەر خەلقىگە بىر ئايلىق مۆھلەت ئىچىدە قىزىمنى ھېچكىم گەپ قىلدۇرالمىسا، شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن دەپ بۇيرۇق قىلغان. شۇڭا، ھېچكىم ئۆيىدىن تالاغا چىقالمايدۇ، — دەپتۇ موماي.

شاھزادە كۆڭلىدە: «ئەجابا، بۇ مەلىكىنى ھېچكىم گەپ قىلدۇرالماسمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ، شەھەردىكى ئادەم باشلىرىدىن ياسالغان مۇنارلارنى كۆرۈپ، بىرىدىن:

— بۇ بىچارىلەر نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىگىت، ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى. شاھزادە بازارغا بارسا، بىر ئادەم بىر تۇتىنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن. ئەتراپىنى خېرىدارلار ئوراپ ئالغانمىش. تۇتىنىڭ ئىگىسى: «بۇنى مىڭ تىللاغا ساتىمەن، ئۇنىڭدىن كەم بولسا بەرمەيمەن.» دەۋاتقۇدەك. دەل شۇ چاغدا شاھزادىنى كۆرگەن تۇتى:

— ئاكا، مېنى سېتىۋېلىڭ، قانچىلىك سورىسىمۇ پۇلنى ئايىماڭ، — دەپتۇ. شاھزادە ئەجەبلىنىپ دەرھال يېنىدىن مىڭ تىللا چىقىرىپ، تۇتىنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ قەپەسنى كۆتۈرۈپ موماينىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ، تۇتى قەپەستە تۇرۇپ:

— سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەك بولسا خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن خۇشال بولغان شاھزادە:

— پادىشاھنىڭ قىزىنى گەپ قىلدۇرالارسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى ئەلۋەتتە گەپ قىلدۇرالايمەن، — دەپتۇ تۇتى، — لېكىن شەرتىم شۇكى، مەلىكىنى گەپ قىلدۇرغاندىن كېيىن مېنى ئازاد قىلىۋېتىسىز.

يىگىت ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ، تۇتى يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە مېنى قوينىڭىزغا سېلىۋالىسىز، ئىككىمىز ئۇ يەردە سۆزلىشىپ ئولتۇرىمىز. مەن سىزگە ئىككى ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. ھېكايىلەرنىڭ ئاخىرى سوراق بىلەن توگەيدۇ. سىز ئەتەي سوئاللارغا خاتا جاۋاب بېرىسىز. شۇ چاغدا مەلىكە گەپ قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە مەلىكىنى سايىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— يەنە بىر قېتىم ئويلاپ كۆر، — دەپتۇ شاھ، — كوچىدىكى مۇنارلارنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەندەك كىشىلەرنىڭ بېشىدىن دۆۋىلەنگەن.

— بىر باشقا ھامان بىر ئۆلۈم بار، شاھىم، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئۆزىنىڭ گېپىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ گۇۋاھچىلار بىلەن ئۇنى مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە يىپەك پەردىنىڭ كەينىدە ئىكەن. ئەتراپتا گۇۋاھچىلار، ھاكىملار تىنىقلىرىنى چىقارماي كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە تۇتىنى قوينىدىن ئاستا ئېلىپ، تەكچىدە تۇرغان ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۈستىنى يېپىپ قويۇپتۇ ۋە:

— بىزگىمۇ مۇشۇنداق شاھانە جايلاردا ئولتۇرۇش، ئالتۇن كوزىدا سۇ ئىچىش نېسىپ بولارمىكىن؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە نېسىپ بولىدۇ، — دەپتۇ قەپەستىكى تۇتى، — ياخشى يىگىت، ھالال مېھنەتنىڭ ئاخىرى ھەمىشە راھەت، زېرىكمەي قالماڭ، گەپلىشىپ ئولتۇرايلى.

— بىز مېھمان، گەپنىڭ ئەۋۋىلى ساھىبخانىدىن، قېنى باشلاڭ، — دەپتۇ يىگىت.

— بولىدۇ، ھازىر بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ياخشى ئاڭلاڭ. ئاخىرىدا سىزدىن سوئال سورايمەن، — دەپتۇ تۇتى ۋە مۇنداق ھېكايە باشلاپتۇ.

— ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە بىر دۆلەتمەن پادىشاھنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بالاغەتكە يېتىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قانچە ـ قانچە پادىشاھلار، شاھزادە، بەگزادىلەر كېلىپ، نائۇمىد قايتىشىپتۇ. مەلىكە ھېچكىمنى ياراتمايدىكەن، ھېچكىمنى نەزىرىگە ئېلمايدىكەن. ئاتىسى

بۇنىڭ ئۈچۈن قىزىدىن خاپا بولۇشقا باشلاپتۇ، مەلىكە ئەلچىلىككە كەلگەنلەرنى توپلاپ:

— كىمىكى، دۇنيادا ھېچكىم كۆرمىگەن، بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان غەلىتە بىر نەرسە تېپىپ كەلسە، ئۇ شاھ بولسىمۇ، گاداي بولسىمۇ شۇنىڭغا تېگىمەن، — دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا ئۈچ ئاكا - ئىنى كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار ھۆسن - جامالدا، ئەقىل - پاراسەتتە يېتىشكەن يىگىتلەر ئىكەن. كېنىزەكلەر چىقىپ ئۇلارغا مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ. ئاخىرىدا: «قايسىڭلار شۇ نەرسىنى تاپساڭلار، مەلىكە شۇنىڭ بولىدۇ» دەپتۇ.

ئاكا - ئىنىلەر دۇنيادا يوق نەرسىنى ئىزدىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، ئاكا - ئىنىلەر تاپقان نەرسىلىرىنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەن جايغا يىغىلىپتۇ. تۇنجى ئوغۇل بىر گىلەم تېپىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ قەيەرنى خالىسا، شۇ يەرگە بارغىلى بولىدىكەن. ئوتتۇرانچى ئوغۇل بولسا جاھاننامە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەينەك تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ دۇنيانىڭ خالىغان جايىنى تاماشا قىلىشقا بولىدىكەن. كەنجى ئىنىسى بىر دانە سېھىرلىك ئالما تېپىپتۇ. ئۇ ئالمىنى ئۆلگەن كىشى يېسە، تىرىلىدىكەن؛ زەھەرلەنگەنلەر يېسە، شىپاھ تېپىپ؛ قېرى كىشىلەر يېسە، ياشىرىپ كېتىدىكەن.

— بىز نەچچە يىللاردىن بېرى مەلىكىنى دەپ ئازاب چېكىپ يۈرۈپتىمىز، — دەپتۇ چوڭى، — قېنى، جاھاننامەيىڭنى بىر ئالغىنچۇ، مەلىكىنى بىر كۆرەيلى، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ئېھتىمال بىرەر كىشىگە تېگىپ كەتكەندۇر.

ئۇلار ئەينەككە قاراپ مەلىكىنىڭ ئاللىبۇرۇن جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە دەرھال گىلەمدە ئولتۇرۇپ، بىردەمدىلا مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل تېزلىك بىلەن سېھىرلىك ئالمىسىنى مەلىكىگە چىشلەتكەنىكەن، مەلىكە كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە دەرھال ساقىيىپ كېتىپتۇ. قېنى، — دەپتۇ ھېكايىسىنى توگەتكەن توتى، — جاۋاب بېرىڭچۇ، ياخشى يىگىت، مەلىكە بۇ ئۈچ ئوغۇلدىن قايسىسىنىڭ بولۇشى كېرەك؟

— ئەگەر سېھىرلىك گىلەم بولمىغان بولسا، يىگىتلەر ۋاقتىدا كېلەلمەي، مەلىكە نابۇت بولار ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە تۇنجى يىگىتنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ھەممەيلەن تارقىلىپتۇ. شاھزادىمۇ توتىسىنى ئاستاغىنا قويىنىغا سېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە شاھزادە توتىسىنى يەنە قويىنىغا سېلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ. ھەممەيلەن مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا توپلىنىپتۇ. شاھزادە توتىنى ئاستا ئېلىپ، پەر ياستۇق ئۈچىگە سېلىپ قويۇپتۇ.

— شۇنداق شاھانە جايلاردا تۇرۇش، پەر ياستۇقلارغا يانپاشلاش بىزدەك غېرىبلارغىمۇ نېسىپ بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— ئەلۋەتتە نېسىپ بولىدۇ، — دەپتۇ توتى، — ياخشى يىگىت، ئۈمىدسىزلەنمەڭ، جاپانىڭ تېگى راھەتتۇر، زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرايلى.

— قېنى، ئۆي ئىگىسىدىن كەلسۇن، — دەپتۇ يىگىت.

— خوپ بولىدۇ، مەن ھېكايە ئېيتىمەن، سىز ياخشى ئاڭلاڭ، ئۇنىڭ ئاخىرى سوئال بىلەن توگەيدۇ. جاۋابىنى ئويلاپراق ئېيتىڭ، — دەپ، توتى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ناھايىتى جاھىل، نادان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زالىم ئىكەن. ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزى خەلقنى تولىمۇ تەشۋىشكە سالىدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ: «ئەللىك ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر نېمە ئىشقا يارايدۇ، قانداق جەڭ قىلالايدۇ؟ شۇڭا، بارچە قېرىلار تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلسۇن، — دەپ پەرمان

قىپتۇ.

پۇقرالارنىڭ پىغانى كۆككە يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى خەلقنى قان - قان يىغلىتىپ، بىرىنىڭ ئاتىسىنى، بىرىنىڭ بوۋىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. شەھەر پۇقرالىرى ئارىسىدا بىر كەمبەغەل ھۈنەرۋەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتىسى بار ئىكەن. ئۇ ئاتىسىنى جاللاتلارغا تاپشۇرماي، تاغارغا سولاپ يۈدۈپ يۈرۈپ، گىياھسىز بىر چۆلگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە نە سۇ، نە كۆكەرگەن ئوت يوق ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئۇسساپ، ئىچىپ ھالسىزلىنىپتۇ.

— دادا، ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟ مەن يولنى تاپالمىدىم. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، تۈگىشىمىز، — دەپتۇ ئوغلى. ئاتىسى ئوغلىغا:

— قارىغىنا ئوغلۇم، يولدا بىرەر ئۇچارقانات، ھاشارات ئۇچۇۋاتامدۇ، — دەپتۇ.

— ھەئە، بىر ھەرە كۈنچىقىش تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئاشۇ ھەرىنىڭ كەينىدىن ماڭغىن. يىگىت ھەرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، ھەرە ئۇچۇپ - ئۇچۇپ بىر يەرگە بېرىپ قونغانىكەن، يىگىت قارىسا، سۇ قايناپ تۇرغان بىر بۇلاق تۇرغان. ئاتا - بالا شۇ يەرگە كەپە تىكىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ، زالىم شاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. قېنى ياخشى يىگىت، ئېيتىڭچۇ، — دەپتۇ تۇتى، — ئاتا - بالىنىڭ ئۆلمەي قېلىشىغا قايسىسى سەۋەبچى بولدى؟

— ئەلۋەتتە ئوغلى - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

مەلىكە بۇ جاۋابنى ئاڭلىشى بىلەنلا چىداپ تۇرالماي، ۋارقىرىۋېتىپتۇ:

— قانداق نادان يىگىتسىز؟ كېچىدىمۇ خاتا جاۋاب بەرگەنىدىڭىز، كېچىدىكى ھېكايىدە سېھىرلىك ئالمىنىڭ ئىگىسى بولغان كەنجى يىگىت مەلىكىگە ئۆيلىنىشى كېرەك ئىدى. سىز تەتۈرىسىنى ئېيتتىڭىز. ئەگەر، شۇ ئالما بولمىغان بولسا، شۇبھىسىزكى مەلىكە ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. بۈگۈنكى ھېكايىدە بولسا، ئىككى جاننىڭ ئۆلمەي قېلىشىغا دانىشمەن مويسىپىتنىڭ مەسلىھەتى سەۋەبچى بولدى.

مەلىكىنىڭ سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ تۇرغان گۇۋاھچى ھاكىملار چاۋاك چېلىشىپ، شاھزادىنى تەبرىكلىشىپتۇ - دە، سۆيۈنچى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا چېپىشىپتۇ. پادىشاھ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە بەختىنى تېپىشقا ياردەم بەرگەن تۇتىنى ئازاد قىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شاھزادە ئاتا - ئانىسىنى ناھايىتى سېغىنىپ كېتىپتۇ ۋە يۇرتىغا كېتىش ئۈچۈن شاھتىن رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ رۇخسەت بېرىپتۇ.

شاھزادە پادىشاھ ھەدىيە قىلغان سوۋغا - سالاملارنى ياغاچ ئاتقا ئارتىپ، مەلىكىنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ، يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يۇرتىغا يېتىپ بارسا، كىشىلەر ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرگەن. ئۇ نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، كىشىلەر:

— بىرنەچچە يىل بولدى، پادىشاھنىڭ يالغۇز ئوغلى غايىپ بولغانىدى. شاھ ئوغلىنىڭ قايتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ماتەم تۇتۇشنى جاكارلىدى، — دېيىشىپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېزدىن سارايغا كىرىپ كەپتۇ، ماتەم مۇراسىمى تويغا ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ سالامەت كەلگەنلىكىنىڭ شەرىپىگە شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى گۇما ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



نەغمىكەشلەر

ئالىمجان مەتقاسىم سىزغان



پەرە ئۇسسۇلى    رەسسام: يۈسۈپجان بەردى


# 源 泉 (布拉克)

(维 吾 尔 文)    总132期

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明    副主编:买买提吐尔地

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆摸尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118    邮政编码:830001
邮政代号:58-108    定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 132- سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348- نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118    پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108    باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043